

1

1991

# شنجاڭ مەدەنيتى

XINJIANG CIVILIZATION

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاتاقلىق سازەندە ئابدۇللا ھامۇت (1980 — 1938)
— سۈرەتنى توردى ئېلى تەمىنلىگەن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

40 - يىل نەشرى 1991 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 188 - سان)

# بۇستاندا

## مۇھاكىمە

ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل ۋە مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىسى ........................ ئەنۋەر توختى 2

## ئەدەبىيات گۈلزارى

باھاردا ياغقان قار ......................... (پوۋېست) ......................... خالىدە ئىسرائىل 6

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

«12 مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ........................ سەپەر ھۈسەيىن 40

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ..................... تەييارلىغۇچىلار: ر. مۇھەممەت، ئا. خەلپەتوۋ، ئا. ھادىي 43

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ ...... (ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى) ...... قەلەمگە ئالغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا 63
«ئېشەكباش» پادىشاھ ................. (« ») ...... قەلەمگە ئالغۇچى: نەجمىددىن سىدىق 69

مۇقاۋىدا: دېھقان (ماي بوياق) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇستاننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

# ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل ۋە مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىسى



ئەنۋەر تۇختى

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت-نىڭ، جۈملىدىن سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل مەدەنىيىتى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە پۈتكۈل مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ۋە يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنى قايىنىمىدا بىر مۇنچە يېڭى مەسىلىگە، يېڭى زىددىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئۇزاق زاماندىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن بەدىئىي ئۇسلۇبىنى يېڭى دەۋرگە، ئاممىغا قانداق ياتقۇزۇش مەسىلىسى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ كۆندىن-كۆنگە يېڭىلىنىپ، كۆندىن - كۆنگە ئېشىپ



بىر ئۇلتاقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى، سەنئەتتىن بەھرىلىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقماقتا. دېمەك، ھازىرقى شارائىتتا بۇ مەسىلە ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتىكى ئېسىل مىراسلىرىمىزنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئوبدان گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدىنلا ئىبارەت ئەمەس ئەلۋەتتە (بۇمۇ مەسىلىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى)، بەلكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئوبدان راۋاجلاندۇرالايمىز، قانداق قىلغاندا زامانغا لايىقلاشتۇرالايمىز دېگەن تېخىمۇ جىددىي مەسىلىدىنمۇ ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇللىرىمىزنى مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىمىز دېيىلگەن مۇجمەل قاراشنى تۈزىتىشىمىز زۆرۈر بولسا كېرەك، دېگەن تەشەببۇستىمەن.

ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللار ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلغان، بېيىتقان ئېسىل سەنئەتتۇر. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتە گۈزەللىككە بولغان ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى قابىلىيەت ھەم ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىز ئۆزىنىڭ نەپىسلىك قىممىتىنى ھازىرمۇ يوقىتىپ قويغىنى يوق، بەلكى ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنى يېڭىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پۇختا ئاساسى بولۇپ تۇرماقتا.

گەپ شۇ يەردىكى، ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل ھەرگىزمۇ مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىسى ئەمەس. ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل پەقەت ئەنئەنىنى نامايەن قىلىپلا بېرەلەيدۇ. بىز ئۇزۇندىن بۇيان ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلنىڭ مەنىۋى ھاياتىمىزدا تۇتقان ئورنىنى ئاڭسىز ئەتىۋارلاپ، ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ۋە گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزگەن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنى مىللىي ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ «ئەنئەنە»سى قىلىپ كەلدۇق ۋە ئۇنى ھازىرقى كۈندىكى مىللىي ئۇسسۇل ئىجادىيىتىمىزنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى قىلىپ كەلدۇق. ئەنە شۇنداق چۈشەنچە سالماق ئورۇندا تۇرغاچقا، ئۇسسۇل ساھەسىدىكى بەزى خادىملىرىمىز «ئەنئەنە»نىڭ ئۆزىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىسىنى پەقەت شەكىل، ئۇسلۇب، ھەرىكەت، يەرلىك خۇسۇسىيەتتىنلا ئىبارەت دەپ كۆرەلەرچە چۈشىنىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان ۋارىسلىقنى ئەنە شۇ يول بىلەن ئىپادىلەپ كەلدى. «ئەنئەنە»گە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز - پاز يېڭى مەزمۇننى قىستۇرۇپ قويساق، ياكى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئانچە - مۇنچە كېڭەيتسەك، ھەممە مەسىلە ھەل بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلدى ۋە شۇنداق ئىشلەپ كەلدى. كىمكى شۇنداق قىلمىسا، ئەنئەنىنى بۇزدى، ئىزدىن چىقىپ كەتتى دەپ قاراپ، «ئەنئەنە»نى ئىنكار قىلغان ھېسابلاندى. مانا مۇشۇنداق ياسىما «ئەنئەنە قارىشى» بىزنىڭ مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ روناق تاپالمايۋاتقانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى بولىدۇ، ئۇ ئەنئەنە شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، ئەدەب - ئەخلاقى، ئۆرپ ئادىتى، پسىخولوگىيىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؛ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى

ھاسىل قىلىنغان ئاممىلار قاتارىدا ئۇسسۇل ئەنئەنىسىمۇ بار. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى بىر مىللىي ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسى بولغاچقا، ھەر بىر دەۋردە ئۆتكەن دەۋرلەردىكىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆز دەۋرىگە خاس بولغان ئۇسسۇل شەكىللىرىنى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ھەتتا ئەنئەنىۋى نومۇرلارنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، ئۇسسۇل تىلىنىڭ بىر قەدەر پىشقان قېلىپى ۋە مۇقىملاشقان ئىشارەتلىرىمۇ ئورۇندىغۇچىنىڭ ماھارىتى ۋە سەھنە مۇھىتىغا، بولۇپمۇ پۈتۈن دەۋرنىڭ گۈزەللىكتىن بەھرىلىنىدىغان ئېستېتىك روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ھەر قانداق شەيئى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتىدىغان دىئالېكتىك تەرەققىيات نەتىجىسىدە يېڭى - يېڭى سۈپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، كونا سۈپەتلەرنىڭ بىر قىسمى يوقىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا ساقلىنىپ قېلىپ، كېيىنكىلەرى ئۈچۈن ئەنئەنە بولۇپ قالىدۇ. ئەنئەنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە جايلار، رايونلار، مىللەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزلەشتۈرۈش ئەڭ مۇھىم ئامىل. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەنئەنىسى مۇقىم شەكىلگە كىرىپ، قېلىپلىشىپ كەتكىنى يوق. ئۇ، ئۈستى - ئۈستىلەپ قوشۇلۇپ، توپلىنىپ، تاللىنىپ، شاللىنىپ تۇرىدىغان ھايات بەخش جەريانىدا تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرگىز تەييار ئەنئەنىنى قايتا، ئەينەن تەكرارلىماسلىقىمىز، ئەينەن دورىماسلىقىمىز، بەلكى «ئۆتمۈشتە كۆرۈلۈپ باقمىغان» نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل بىلەن مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغاندىلا، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە توغرا ئۇسۇلنى تاپالايمىز، يېڭىلىقلارنى، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەسەرلەرنى يەڭگىللىك بىلەن مىللىي ئۇسسۇل ئەنئەنىسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىشتىن، مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە مىللىي ئۇسلۇب (مىللىي پۇراق)نى پەقەت مىللىي ئۇسسۇل تىلىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە باھالايدىغان ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشتىن خالىي بولغاندىلا، ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مىللىي ئۇسسۇلنىڭ چىن ماھىيىتىگە مىللىي ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە قاراپ راۋاجلىنىش يۆنىلىشى بويىچە قارىيالايمىز.

بەزىلەر زامانىۋىلىك چۈشەنچىسى ياكى زامانىۋى ئاڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلنى يوقىتىپ قويىدىغان دەپ ئەندىشە قىلىپ، «ساپ مىللىي»لىكنى نامۇۋاپىق ھالدا تەكىتلىمەكتە. ئېكىن مىللىي ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى كۆرىمىزكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇسسۇل مەدەنىيىتى جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل مەدەنىيەتلىرىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولمىغان، ئۇلارنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمىغان، ئەكسىچە، تاشقىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك مەدەنىيەتنى دادىل قارشى ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خۇرۇچ قىلغان، ئۇلارنى چەتكە قاقمىغان ھەم ئۇلاردىن ئەيمىنىپ - ھۈركۈپمۇ كەتمىگەن،

ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ - تولۇقلاپ، جەسۇرانە مىللىي ھاياتىي قۇۋۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

سەنئەت تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇمۇ تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاشلا ئېكو-لوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا مۇھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرەققىيات تېپىغا مەنسۇپ بولغان سەنئەت ساھەسىدە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى قوغداشقا تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەممىگە تونۇش بولغان پەدىلەرنى سان جەھەتتىن كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، شەخسىي ماھارەتنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۆز ئالدىغا يول تېپىشقا، باشقىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان مۆجىزە يارىتىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ھازىرقى رېئاللىقنى ئۆتمۈشتىكى تارىخقا سېلىپ توغرىلايدىغان، ئەتراپقا، دۇنياغا باقماي، ئۆزىمىز ئويناپ، ئۆزىمىز داڭلايدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىدە خىلمۇخىل، كۆپ تەرەپلىمە گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى زامانىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

---

(بېشى 39 - بەتتە)

قانداقلا بولمىسۇن مەن بەختلىك. مەن ئاشۇ مۇھەببىتىمنىڭ كۈچىدە ياشاپ كەلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەم شۇنىڭغا تايىنىپ ياشايمەن.

ئۇ، يانچۇقىدىن كىچىككىنە يۇمىلاق قۇتىنى ئالدى. قانسىز، ئورۇق بارماقلىرى بىلەن قۇتىنى ئېچىپ ئۇنى بورنىغا يېقىن ئاپاردى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە پۇرىدى. مەن ئۇنى چەتئەلنىڭ پەۋقۇلئاددە خۇشپۇراق نەرسىلىرى ياكى دورىلىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ياق، ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە، — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

مەن قۇتىنى قولۇمغا ئېلىپلا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا قاچىلانغىنى توپا، كەمكۈتسىز توپا ئىدى. قۇمساڭ قوڭۇر رەڭلىك، قىلدەك ئىنچىكە يىلتىزلار ئارىلاشقان ئۆز يېرىمىزنىڭ توپىسى ئىدى.

— شۇنداق، بۇ مۇشۇ يەرنىڭ توپىسى، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ توپىسى، مەن بۇنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كېتىمەن...

ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى.

1990- يىل نويابىر، ئۈرۈمچى






(پوۋېست)

خالىدە ئىسرائىل



توي مۇراسىمى رېستوراندا ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ ئەتە چەت ئەلگە ماڭماقچى. قالغان ئۆمرىنى پايانسىز دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەشۇ يات ئەلدە، تىلى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، ھەممىلا نەرسىسى تامامەن يوچۇن بولغان ئەشۇ سىرلىق مەملىكەتتە ئۆتكۈزمەكچى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە قانداق ھېسسىياتلار كېزىۋاتىدىكىن؟ شادلىق، بەخت، تەقەززالىقمىكىن ياكى ھەسرەت، قىيالماسلىقمىكىن؟

تۇنۇگۇن رېستوراندا چاراقلاپ تۇرغان ئاسما چىراغلارنىڭ ئاستىدا، گۈللەر، نازۇنېمەتلەر، ئېسىل شارابلار، ئۇزۇن يوپۇنلۇق رومكىلار، پارقىراپ كەتكەن، قىزارغان، خۇشال چىرايلار ئارىسىدا ئۇ، كۆزۈمگە ئاجايىپ گۈزەل، بەختلىك كۆرۈنگەن ئىدى. ھەممە ئادەم تويدا پاشقىچىلا گۈزەللىشىپ كەتسە كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالغان، ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن خۇشاللانغان ئىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگىلا شۇنداق كۆرۈنمىگەن بولسا كېرەك. بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان يارىشىملىق شىم - كاستيۇم كىيىۋالغان ئاقباش ئېرىمۇ ئۇنىڭغا تەكرار - تەكرار بۇرۇلۇپ قاراپ، خۇشاللىقتىن ئاغزىنى

يۇمالماي قالغان، ئۆزلىرىنى جاھاندا بىر ھېسابلىشىدىغان ياسانچۇق ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ كەيىپ بولۇۋالغان ئەرلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ھەسەت ئوتلىرى چاقناپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئارقىسىغا تاشلىنىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. قانسىز چىرايى. كۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى روشەن قارا داغلار ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلەردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كۆزۈم بىردىنلا ئۇنىڭ چېكىسىدىكى ئاق چاچلارغا چۈشۈپ قالدى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. توۋا، تۈنۈگۈنلا بۇ چاچلار قاپقارا ئىدىغۇ! توي مۇراسىمى ئالدىدىن، كىرا ماشىنىسىغا چىقىشتىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭ چېكىسىدىكى ھالقا - ھالقا بولۇپ تۇرىدىغان قاپقارا چاچلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن تۈزەپ قويغان. شۇنداق، ئۇ چاغدا بىر تالمۇ ئاق چاچ يوق ئىدى. كۆزىنىڭ جىيەكىدىكى قورۇقلارمۇ ئۇنچە كۆپ ۋە سېزىلەرلىك ئەمەس ئىدى. بىر كېچىدىلا نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ ئۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ زادى؟ قارىغاندا، ئانا يۇرتتىن، ۋەتەندىن، يارۇ - بۇرادەرلەردىن ئايرىلىش ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئويلىمىغان، ھېس قىلىپ يەتمىگەن بىلەن، ھەققىي ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلاشقاندا ئۆز ۋاقتىدا قەدرىنى يوقاتقان ھەممىلا نەرسە باشقىچە قەدىرلىك بىلىنىپ كەتسە كېرەك... ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە كېتىۋاتىمەن، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەرلەرنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلەمدىمەن، دەپ ھەسرەت چېكەمدىكىن-يە؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆز تەقدىرىنى باغلاپ كېتىۋاتقان ئەر كىشى 60 لاردىن ھالقىغان ئادەم.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېرىنىڭ ئىككىلا بالىسى ئۇنىڭدىن چوڭ ئىكەن... بىراق، يەنە بىر ئويلىسام بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇنچىۋالا ھەسرەت چېكىشىگە سەۋەب بولالمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇمۇ بىر بەختسىز «قېرى قىز». 40 ياشقا يېقىنلاشقۇچە ئائىلە ئىسسىقىنى، بالا - چاقا مېھرىنى كۆرمەي، ھەر بىر كۈنىنى كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشى، مەسخىرىلىك قاراشلىرى ئاستىدا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بىچارىغۇ. مۇشۇ پەيتتە كېتىۋەرگەن بولسا كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەشۇ يالغۇز كەپىسىدە جىمجىملا ئۆلۈپ قالسىمۇ كىشىلەر بىلمەي قالاتتىمىكىن تېخى.

بۇ قېتىمقىسى ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ پۇرسەتكە مەھكەم يېپىشتى. ئاخىرقى كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆچكىنىگە ئۇزۇن بولغان شادلىق، ھاياجان ئۇچقۇنلىرى قايتا چاقنىدى. قايتىدىن ياسىنىپ - تارىنىپ، رەڭ تۈزۈپ ياشلىقىغا قايتقاندەك بولدى. خوتۇنلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن ئەرلەر ئۇنىڭغا قايتا زەڭ سېلىپ قاراپ: «ھەتتەڭگەي، ئىلگىرى ئەجەب سەپسالماپتىكەنمىز. كاساپەتكە» دېيىشىپ تىللىرىنى چاكىلدىتىپ قېلىشتى. خېلى - خېلى ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا كەلگەن بۇ «ئامەت»كە ھەۋەس قىلىشىپ قېلىشتى. شۇڭىمىسى بولغۇلۇق بولۇپ، ھەممە ئاخىرلاشقاندا ئۇ گويا ئۇزۇن يول يۈرۈپ ماغدۇرىدىن كەتكەن يولۇچىدەك، ھېلىلا قىيىن بىر رولنى ئويناپ بولۇپ سەھنىدىن چۈشكەن ئارتىستەك بېشىشىپ ئولتۇرىدۇ. مۇشۇ ھالدا ئۇنى كىممۇ يېڭى تويى بولغان، ئەتە يىراق سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كېلىنچەك دېسۇن.

مەن ئۇنىڭ قېلىن يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاقۇش كۆز ئاپتىپىدا تېخىمۇ تاتىراڭغۇ كۆرۈنگەن چىرايىغا، ياش قىزلارغا خاس نەمخۇش، پارقىراقلىقىنى يوقاتقان پېشانىسىگە، قىرلىق، تۈپتۈز بۇرنىغا، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كىرپىكلىرى تىترىدى، ئەشۇ تىترەش ئىچىدىن شەبنەمدەك تازا، پارقىراق ئىككى تامچا ياش دومىلاپ چۈشۈپ لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىدا توختاپ قالدى. ئارقىدىن تېخىمۇ كۆپ ياش تامچىلىرى يەپيېڭى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلگىلى تۇردى. ئۇ ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.

مەن زۇۋان سۈرمىدىم. تەسەللىيمۇ بەرمىدىم. يىغا ھەسرەتنى يېنىكلىتىدۇ، كۆز يېشى يۈرەكتىكى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئۆز ۋەتىنىدە، ئانا يۇرتىدا ئاخىرقى قېتىم يىغلىۋالسۇن، دەرد - ھەسرىتىنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ، ئىچ - قارنىنى بوشىتىپ چىقىپ كەتسۇن. ئۇ يەردە كىمگە يىغلايدۇ. دەردىنى كىم بىلەن ئورتاقلىشىدۇ؟ ھەي، بىچارە ... دەيتتىم ئىچىمدە. بىز ئۇزاققىچە شۇنداق ئولتۇرۇشتۇق. قاچانلاردىكىن، ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قارىدى. مەن يىغىدىن قىزارغان بۇ كۆزلەردىكى شادلىقتىن، بايىلا مۇردىنىڭ چىرايىدەك خۇنۇك، ھەسرەتلىك كۆرۈنگەن چىرايىدا پارلىغان بەختتىن ھاڭ - تاڭ بولدۇم، كۆزلىرىمگە ئىشەنمىدىم. بىراق، ئۇ راستىنلا چەكسىز بەختىيارلىق ئىلكىدە كۈلۈمسىرەۋاتاتتى.

— سىلەر ھەممىڭلار مېنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئايال دەپ قارايسىلەر، ماڭا ئىچىڭلارنى ئاغرىتىسىلەر. ئەمەلىيەتتە مەن بەختلىك، بەلكىم ھەممىڭلاردىن بەختلىكتىمەن ...، — دېدى ئۇ.

ئۇ مېنىڭ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان بېچارە ھالىتىمگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ... مەن توي قىلغان، خۇدا ئالدىدا، مۇقەددەس يەر - زېمىن ئالدىدا. ئۆزۈمنىڭ تۇنجى، ئەڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىمنى، پاك ۋۇجۇدۇمنى، بارلىقىمنى ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيالىق سۆيگەن بىردىنبىر كىشىمگە تەقدىم قىلغان. دۇنيادا مەندەك مۇرادىغا يەتكەن ئاياللاردىن كۆپ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن...

—ئۇ كىشى ھازىر قەيەردە؟ — بۇ سوئالنىڭ ئاغزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا خىرەلەشتى. پېشانىسى، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقى ۋە جاۋغايلىرىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار چوڭقۇرلاشقاندەك كۆرۈندى. ئايىغى ئاستىدىكى قويۇق كوكاتلار ئارىسىغا بىر پەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى:

—ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن... تا ھازىرغىچە پات-پات چۈشۈمگە كىرىدۇ. جۇر، مەن سېنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي، ئايالىمنى قويىۋەتتىم، دەپ قولۇمدىن تارتىدۇ... مەنمۇ كەتمەكچى بولىمەن، ئەمما پۇتلىرىمنى يۆتكىيەلمەيمەن... شۇنچە يىللار ئۆتتى... ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە تېخى ھايات ئىكەن. مەن ئۇنى ئۇنتالمايدىكەنمەن، ئۆمۈرۋايەت ئۇنتالمىغۇدەكمەن. مەن بۇنى تۈنۈگۈن كېچە ھېس قىلدىم. ئۆزۈم مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ كارىدورىدا ياتقىنىم بىلەن خىيالىم، يۈرىكىم، بارلىق ھېس-تۇيغۇلىرىم ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلەرگە كەتتى. ئەشۇ كۈنلەر... ئەشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مۇھەببىتىم ھەممىسى شۇنچە ئېنىق، ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە شۇنچە ئېنىق

www.uyghurkitap.com

قايتىلاندىكى، گويا 23 ياشلىق ۋاقىتلىرىمغا يانغاندەك، بىر كېچىدىلا پۈتۈن ياشايدىغىنىمنى ياشاپ، ئىنسان بۇ دۇنيادا ئېرىشىدىغان ھەممە بەخت-لەززەتلىرىنى ۋە بېشىدىن كەچۈرىدىغان ھەممە ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ بولغاندەك بولدۇم... ئەتىگەن قوپۇپ ئەينەككە قارىسام راستىنلا بىر مومايغا ئايلىنىپ قاپتىمەن...

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن، ئاھاڭىدىن، سۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ھىجران ئازابى، مەن ئۈچۈن تېخى يوچۇن بولغان ئاجايىپ چوڭقۇر، قۇدرەتلىك، ئەبەدىي بىر ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، يۈرىكىمنى يانىدۇرغاندەك بولدى. چۈشىنىكسىز بىر خىل ئازابتىن يىغلىغۇم كېلەتتى. تامىقىم قۇرۇپ، قوپۇپ كەتمەكچى بولاتتىم-يۇ، قوپالمايتتىم. ئۇنىڭ ئاۋازى چۈشۈمدە ئاڭلىنىۋاتقاندەك قۇلىقىم ئەتراپىدا ئاستا، تىنىمسىز ئۇچۇپ يۈرەتتى. قان-قېنىمغا سىڭىپ، يۈرىكىمنى قامالايتتى، ئۇنى ئاڭلىماسلىقتا ئامالىم يوق ئىدى...

* *

بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر قىش ئەتىگىنى مەن خىزمەت ئورنۇمغا — شەھەردىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەلۇم بىر كان رايونىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە كەلدىم. كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى. بۇ يەرگە كەلمەسلىك ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم، كۆرسەتكەن ھەممە باھانە-سەۋەبلىرىم ئەسقاتمىدى. ئەڭ مۇھىمى بۇ شەھەردە مېنىڭ بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىم ياكى يۈز-ئابرويلۇق تونۇش - بىلىشىم يوق ئىدى.. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوغۇل بالىلاردەك قوپال، تۈپتۈز كەتكەن مىجەزىم، ئادەتتىكىچىلا چىرايىم ھېچكىمدە ھېسداشلىق قوزغىيالمايتتى. مانا ئاخىرى كاچ تەلىيىمدىن ئاغرىنىشتىن، بېشىمنى سېلىپ ياۋاشلىق بىلەن «مانا مەن كەلدىم. ماڭا ئىش بېرىڭلار» دېيىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدىم. كان رايونلۇق مائارىپ بۆلۈمىدە مېنى پاكار، دوغىلاق قىزىل يۈزلۈك بىر كىشى كۈتۈۋالدى. ئۇ مەلۇمات قەغىزىمنى كۆرۈپ بولۇپ، گاھ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر كىشىگە، گاھ ماڭا قاراپ سۆزلەپلا كەتتى:

— پاھ، بەك ياخشى بوپتۇ، كۆردىڭىزمۇ، يەنە بىر ياش ئوقۇتقۇچى كەپتۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىكەن. ئىككىڭلار مەكتىپىمىزنىڭ چوڭ بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدىغانلار-دە. بىرىڭلار پېشقەدەم زىيالىي، بىرىڭلار يېڭى زىيالىي. قارشى ئالىمىز سىڭلىم. ئىسمىڭىز رىسالەتمىدى؟ ئاز ئۇچرايدىغان ئىسىمكەن. رىسالەت سىڭلىم، بۇياق-ئەكبەر ئەپەندىمۇ مەكتىپىمىزگە يېڭىدىن تەقسىم قىلىندى. ئۆزى داڭلىق زىيالىي، يازغۇچى. يېقىندا مەسىلىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ... قىسقىسى، ئىككىڭلار بىللە ئىشلەيسىلەر، تونۇشۇۋېلىڭلار...

ب گەپدان، قىزغىن ئادەمنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى بىر ئاز يەڭگىللەتكەندەك بولدى. پەقەت شۇندىلا بۇرۇلۇپ مائارىپ كادىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىگە سەپسالدىم. ئۇ، سىرتتىلىق پاختىلىق چاپان، كونا قۇلاقچا كىيىۋالغان، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ياداڭغۇ بوۋاي ئىكەن. پەقەت ئۇنىڭ بالىلارنىڭ كۆزلىرىدەك ساددا، نۇرلۇق كۆزلىرىلا كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان كۆزلەردىن ئىكەن. بالىلىق ۋاقىتلىرىمدا ئۇنىڭ شېئىر-ھېكايىلىرىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە ئىدى. ئەشۇ شېئىر-ھېكايىلەرنى يازغان كىشىنىڭ مۇشۇ بوۋاي ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەككىمىز مەكتەپكە بىللە قايتتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ مەن ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بارلىقى، ئايالىنىڭ شەھەردىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ بۇ مەكتەپتە ئۇزۇن ئىشلەش نىيىتىم يوقلۇقى، ئامالىنىڭ يوقىدىن كەلگەنلىكىم توغرىسىدا شىكايەت قىلىپمۇ ئۈلگۈردۇم. مەكتەپ مۇدىرى بىزگە ماڭارىپ كادىرلىرىدەك قىزغىنلىق كۆرسىتىپ كەتمىدى. ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى ماڭا قاداپ، ئۇنى-بۇنى سوراپ خېلى ۋاقتىمىزنى ئالدى. ئاخىرى ئىككىمىزنى باشلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر ئامبارنى ئېچىپ بەردى. مېنى كاتەكتەك تار ھەم قاراڭغۇ ئاياللار ياتىقىغا تىقىپ قويدى. ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى — 40 ياشلاردىكى سەپكۈن يۈزلۈك ئايال بىلەن 27—28 ياشلاردىكى قورايدەك ئورۇق ياش چوكان (ئۇنىڭ كىچىك، ئويناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرى نېمىشقىدۇ كىشىگە چاشقاننى ئەسلىتەتتى) قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، غودۇراشقان پېتى ياتاقنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن تاختاي كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىرىپ بېرىشتى. كارىۋاتنىڭ ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان ئەشۇ بۇرجىكىگە چىقىپ سوزۇلۇپ ياتتىم. ئەسلىدىلا تار ياتاقنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ياتاقداشلىرىمنىڭ ماڭا قارار كۆزى يوقلۇقىنى بىلەتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇلارنى تېخىمۇ تېرىكتۈرگۈم، ماڭا ئوچۇق چىراي ئاچمىغىنى ئۈچۈن ئۆچ ئالغۇم كەلدى. سومكامدىن يېسەكچىلىك كېلىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئويىمنى ئالدىم-دە، يۇقىرى ئاۋازدا قويۇپ قويدۇم. شۇ ھامان پاشا ئىشانىنىڭ سەل تومۇ، ياڭراق ئاۋازى ياتاقنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك بولدى. ئۇنىڭ ناخشىسىدا كىشىنى پۇخادىن چىقىرىدىغان بىر كۈچ، جۇشقۇنلۇق بار ئىدى. ھەر دائىم بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆزۈمنى تەبىئىي، كۈچلۈك سېزەتتىم. شۇ تاپتا كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ ھوزۇرلىنىپ ناخشا ئاڭلاپ يېتىپ، ياتاقداشلىرىمنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايىنى، ئارقامدىن يەۋەتكۈدەك قىلىپ قاراشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. دەرۋەقە، ياتاقداشلىرىم دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشتى. ئىشىك شىددەت بىلەن ئېچىلىپ، قاتتىق يېپىلدى. سىلكىنىشتىن ياتاقنىڭ تورۇسىغا چاپلانغان قەغەزلەر شىرىقلاپ، نەلەردىندۇر توپا قۇيۇلغاندەك بولدى. ئارقىدىن بۇ سىلكىنىش يەنە بىر نۆۋەت تەكرارلاندى. دېمەك، ھازىرچە ياتاق ماڭا ئۆكچە قالدى.

* * *

ئەتىسى ئەتىگەنكى ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىرىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئاخشامقى «بوۋاي» بىر كېچىنىڭ ئىچىدە 30 ياش ياشىرىپ كەتكەن ئىدى. پاكىزە قىرىلغان ئېگىز قاڭشارلىق، ئىللىق سەبىي كۆزلۈك قارامتۇل چىرايى پارقىراپ تۇراتتى. ياش يىگىتلەردەك ئورۇق، ئېگىز قامىتىگە چېپپىدە كەلگەن خورمارەڭ كاستيۇمى بەكمۇ ياراشقان، ياقىسىدىن قاردەك ئاپئاق كۆڭلىكى كۆرۈنەتتى. پەقەت چاچلىرىنىڭ ئالدى ۋە چېكىلىرىدىكى شالاڭ ئاق چاچلارلا ئۇنىڭ ئاللىقاچان 40تىن ھالقىغان ئادەم ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

مەن سەپكۈن يۈزلۈك ئايالنىڭ ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ لەپ-لەپ قىلىپ

قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەستەن ئۈنلۈك يۆتىلىپ قويدۇم. ئۇ بىردىنلا قىپقىزىل بولۇپ قىزىرىپ يېنىدىكى باش كۆتۈرمەي بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇرغان قېرى ئەر مۇئەللىمگە گەپ قىلغان بولۇۋالدى. سائەت سەككىز يېرىم بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئورۇق چوكان تېخىچە ئىشخانىغا كىرمىدى.

ئۇ، ياتاقتا نېمىلەرنىدۇر قاتلاپ، نېمىلەرنىدۇر تىقىشتۇرۇپ كىتىرلاپ قالغان ئىدى. خىيالىدا ماڭا ئىشىنەلمەي بەزى نەرسىلەرنى يوشۇرۇۋاتسا كېرەك. مۇدىر ھېلى سائىتىگە، ھېلى ئىشىككە قاراپ تاقەت قىلالمىدى بولغاي، يىغىننى باشلاۋەردى. ئەكبەر مۇئەللىم (ئۇ نەدىمۇ بوۋاي بولسۇن) بىلەن ئىككىمىزنى بىرقۇرتونۇشتۇرۇپ، قىسقىچە قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كونىلارنى تونۇشتۇرۇشقا چۈشتى. ئالدى بىلەن ئۆزى — ئىسمىنىڭ تۇرسۇن كېرەم ئىكەنلىكىنى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىق بولالمىغان بولسىمۇ، رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسىنىڭ ھېچقانداق يۇقىرى مەلۇماتلىقلاردىن قالمايدىغانلىقى ئۈستىدە توختالدى. ئىككىنچى بولۇپ ساۋۇت ئىسىملىك قېرى ئوقۇتقۇچىنى ستاژى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ قابىل ئوقۇتقۇچىمىز، دەپ بىر تاغار ماختىدى. ساۋۇتاخۇن بولسا شۇنچە مەدھىيە سادالىرى ئاستىدا قىلچە تەۋرەنمەي ئۆز ئىشىنى «ئىلگىرى سۈرۈۋەردى»، بېشىنى كۆتۈرۈپ ياكى چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك بىلەن يوغان بىر بۇرنىدىنلا تەركىب تاپقاندەك كۆرۈنىدىغان تاتىراڭغۇ چىرايىدا: كىم كېلىدۇ، كىم كېتىدۇ، ماڭا نېمىتى، سەندەكلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن... مۇشۇنداق رەسمىيەت، قۇرۇق گەپلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى باركىنە؟ دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

كارىدوردا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئورۇق چوكان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاستىنقى لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، دادىسىنىڭ تايىقىدىن قورقۇۋاتقان كەپىمىز بالىدەك چۆچۈپ - چۆچۈپ ئورنىغا كېتىۋاتقىنىدا مۇدىر ئارقىسىدىن يەۋەتكۈدەك قىلىپ ئالايدى. ئىشخانىدا بىر پەس كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت كېلىنى قاتتىق بىر قىرىۋېتىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئىشىك تۈۋىدىكى بوش ئورۇنغا پات-پات كۆز تاشلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— پەرۇخ ئىسىملىك يەنە بىر خىزمەتدىشىمىز بارتى، بۈگۈن ئىشقا كېلەلمىدى. ئۇ داۋاملىق شۇنداق... دېمەكچىمەنكى، ئىدىيىدە خاتىرجەم ئەمەس، ياش بالىلار ئەمەسمۇ... بۇ يەردە ئىشلىسەك شەھەرلىك قىزلار ياراتمايدىكەن، دەپ يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. شەھەردىن ئورۇنمۇ تاپتى، ئوقۇتقۇچىمىز ئاز دەپ قويۇۋەتمىدۇق. شۇنداقتىمۇ تۇتۇپ قالالمايمىزمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتۇق، ياخشى يېرى قىزلىرىمىزمۇ بار بولۇپ قالدى، بىزگە ياردەملىشەر دەپ ئويلايمىز...

سەپكۈن يۈزلۈك ئايالنىڭ ئىسمى ساھىبجامال ئىكەن، يولدىشىمۇ، بالىسىمۇ يوقكەن. مەريەم ئىسىملىك ئورۇق چوكاننىڭ ئېرى كاندا ئىشلەيدىكەن. ئۇ كىچىك - كىچىك ئىككى بالىسىنى تاشلاپ، ئېرىدىن يامانلاپ بۇ يەرگە كېلىۋالغىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپتۇ...

تونۇشتۇرۇشلار تۈگىشى بىلەن ئىشخانا

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا ۋاژىلداپ قايناپ كەتتى. ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى بەس - بەستە سۆز ئېلىپ غەزەپتىن قىزارغان، تىترەشكەن ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامسىزلىقى، ئەدەب - قائىدە بىلمەيدىغانلىقىدىن قاقشاشتى. ساۋۇت مۇئەللىم بەزى دەرسلىك كىتابلارنىڭ تېخىچە ئېلىپ كېلىنمىگەنلىكى، بەزى سىنىپلاردا پارتا - ئورۇندۇق يېتىشمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدا قايناپ بوغۇلۇپ كەتتى. مۇدىر ئوقۇتقۇچى ۋە مالىيە كۈچى يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن قىلالماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تاشلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى، ھازىرچە يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»دەك روھنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر ئوقۇتقۇچى ھەممە دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خىل دەرس ئۆتەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا سۆزلەپ، قالغانلارنى ئاز - تولا پەسكويغا چۈشۈرگەندەك بولدى. ئاخىردا دەرسلەرنى بۆلۈشتۇق، ھەر بىرىمىزگە ئۈچ خىلدىن بەش خىلغىچە دەرس توغرا كەلدى. مەن يېڭى بولغانلىقىم (ئەكبەر مۇئەللىم ئىلگىرىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىكەن) ئۈچۈن ھازىرچە ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ئۆتىدىغان بولدۇم. ئەكبەر مۇئەللىم ئىككىمىز كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ دەرسكە كىردىمىز.

يوتقان - كۆرپىلىرىمنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈمگە تەۋە بولغان ئەشۇ تۆت غېرىچ زېمىنىمدا دۈم يېتىپ دەرس تەييارلاۋاتىمەن. ئەدەبىياتنىغۇ بىرنېمە قىلارمەن، شۇغىنىسى جۇڭگو تارىخىمزە ... دەرس ئۆتىدىغان ئادەم شۇ دەرسنى سۇدەك بىلىۋېلىشى (يادلاشقا، كىتاب ئوقۇپ بېرىشكە بولمايدۇ)، ئوقۇغۇچىلار سوراش ئېھتىمالى بولغان سوئاللارغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويۇشى كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپ دېگەندە شۇنداق پاچاقچى باللار باركى، قاچان سېنى چاندۇرۇپ قويارکىن دەپ پايلاپلا تۇرۇشىدۇ، بىرەر قېتىم دۇدۇقلاپ قالدىڭمۇ. بولدى، ئۆلگىچە كۆزىگە ئىلمايدۇ. ھەي ... كاساپەت سوئاللەرنىڭ تەرتىپىنى يەنە ئالماشتۇرۇپ قويدۇمغۇ دەيمەن، دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدا ئۆتكەن سوئاللەر ھازىرقى زامان بالىرىغا نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدىكىن!

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەشۇ سوئاللارنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىپتىمەن. ئۈستۈمدىن چىكىلداپ تېمىۋاتقان سۇنى، يېنىمغا قويۇپ قويغان ئەدەبىيات كىتابىم بىلەن دەپتەرلىرىمنىڭ چىپ - چىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەپتىمەن. ياتقان ئورنۇمدىن سەل مىدىرلىۋېدىم، بىر نەچچە تامچا سۇ بوينۇمدىن ئۆتتۈر دۈمبەمگە ئېقىپ كىردى. مەن ياتاقنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلگەن كىر تانىسىغا، ئۇنىڭغا ئېسىلغان كىيىملەرگە، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى يوغان ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بالىسىغا پايپاق توقۇۋاتقان مەريەمگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدىم. ئۇ، ئۆيىنىڭ بىساتلىرىنى ئوغرىلىقچە توشۇپ ياتاقتا پۈت تىققۇدەك يەر قويمىدى. ئاستىدىكى ئەشۇ يوغان ساندۇقنى مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى ئەكېلىۋالدى. ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم ئېرىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىنى پايلاپ بارىدىكەن، ئەگەر ئېرى ئۆيدە بولۇپ قالسا جېدەل چىقماي قالمايدىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىشىكتىن يېنىچە كىرىپ چىقىدىغان بولدۇق. ئۇنى ئاز دېگەندەك ئۆزى ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالدۇ. قايسى بىر كۈنى ساھىبجامال ئولتۇرۇپ سالغان ئىدى،

ساندۇقۇم غىرسىلاۋاتىدۇ، سۇنغان ئوخشايدۇ، دەپ يېرىم كۈن كوتۇلدىدى.

شۇ تاپتا ئۇ قەستەن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن بولۇپ ئولتۇردۇ. قانداق قىلغۇلۇق ...؟

گەپ - سۆز قىلماي ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم، بېشىمدا يەڭ - ئىتەكلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئېسىلىپ تۇرغان كونا مايكا، يوپكىلارنى شارتىلدىتىپ بىر چەتكە سۇرۇۋەتتىم. ئەندى كىرسۇيى ئۆز ئىگىسىنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرى ئۈستىگە تامغىلى تۇردى. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دەل ئارقامغا كېلىپ تۇردى. مەنمۇ تەييارلىق ھالىتىدە تۇردۇم. سوقۇشۇشنى مەندىن كۆرسۇن. كىچىكىمدە مۇشتلىشىشتا ئوغۇل باللارمۇ ماڭا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ بىردىنلا كەينىگە قايتتى، ساندۇقنىڭ يېنىدىن كىر دېسىنى ئېلىپ كۆرپىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى-دە، جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ پايپىقىنى قولىغا ئالدى.

كىر سۇيى داسقا تىرىدىك - تىرىدىك قىلىپ تېمىشقا باشلىدى ۋە بارا - بارا چىك - چىكقا ئۆزگەردى. ماڭا بەكمۇ تونۇش بۇ ئاۋاز مېنى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ يېقىملىق، شېرىن دۇنياسىغا باشلاپ كەتتى...

بىر زامانلاردا، دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە، تاش ياتقۇزۇلغان كىچىككىنە ھويلىسىدا ھەشقىپېچەك، رەيھانگۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆيدە بىر رەھىمدىل موماي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى تۇراتتى. موماي چاق ئىگىرىپ، دوپپا تىكىپ ئۆزىنى ۋە نەۋرىسىنى باقاتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ ئەزىزلەيدىغىنى يامغۇر ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيى بەكمۇ كونا بولغانلىقتىن يامغۇر ياغسىلا تامچا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئەمما قىزچاق ئۈچۈن بايرام بولاتتى. موماي ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا داس - تەڭلە، چىنە - تاۋاقلارنى تىزىۋېتەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن چىكىلداپ ئاققان سۇ تامچىلىرى بىرلىشىپ شۇنداق بىر ئاجايىپ ئۆركېستىر ھاسىل قىلاتتىكى، قىزچاق ئاڭلىغانچە مەپتۇن بولۇپ كېتەتتى. ئاشۇ سادالار ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتىپ ئاجايىپ گۈزەل چۈشلەرنى كۆرەتتى...

يۆتكىلىشكە بولغان ئاخىرقى ئىشەنچىم ۋە ھەممە ئۈمىد - ئارزۇلىرىمدىن قىشلىق تەتىلدە ئايرىلدىم.

نەگىلا بارسام: ئالىي مەلۇماتلىق ئىكەنسىز، سىزنى خۇشاللىق بىلەن ئەكېلىۋالغان بولاتتۇق. شۇغىنىسى مەكتىپىمىزدە ئاياللار بەك كۆپ، بىزگە زۆرۈرى ئەر ئوقۇتقۇچى ئىدى... دېگەن جاۋابنى ئالىمەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئاشۇلارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغۇم، كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ: سىلەرنىڭ نەزەرىڭلاردا ئايال كىشى ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئەر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى شۇنچە قالتىس چاغلامسىلەر؟ سىلەرنىمۇ ئاشۇ ھېچنېمىگە «يارىماس» ئاياللار تۇغمىغانمۇ؟ دەپ سوراشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالاتتىم. كېيىنچە ئۈنچىقمايدىغان بولدۇم. دېمەك، دۇنيا شۇنداق دۇنيا. رېئاللىق دېگەن كىتابتىكى گەپلەرگە، شوئار، چاقىرىقلارغا ئوخشىمايدۇ. راست دېگەندەك، تۆۋەنگە تەقسىم قىلىنىپ كەتكەن بىر نەچچە ئوغۇل ساۋاقداشىم، يەنە كېلىپ بەزى ئېلىپنى چوماق دېيەلمەيدىغانلارمۇ ئۈرۈمچىگە — چوڭ - چوڭ ئىدارىلەرگە يۆتكىلىپ كېلىۋالدى. بۇ دۇنيادا ئوغۇل بالا، ئەركەك بولۇپ تۇغۇلماقنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئامەت ئىكەن. قىز باللار،

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش سەتلەرنىڭ ھالىغا ۋاي.

شۇنىڭدىن كېيىن مەكتىپىم كۆزۈمگە ئۈنچىۋالا سوغۇق كۆرۈنمەيدىغان بولدى. نېمىلا بولمىسۇن، مېنى ئىللىق قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالغان بىردىنبىر ماكان - دە بۇ. مەن ئەمدى ھېچنەگە كەتمەيمەن، يالۋۇرسىمۇ كەتمەيمەن. بۇ يەرمۇ ئادەم ياشايدىغان يەر. مۇشۇ يەرنىڭ بالىلىرىمۇ شەھەرنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش. ئەگەر بۇ يەردە مېنى ئالىدىغان بىرسى چىقمىسا مەنمۇ ھېچكىمگە تەگمەيمەن.

يەنە يەكشەنبە كەلدى. مەن بۇ يەرنىڭ يەكشەنبىسىنى شۇنچىلىك يامان كۆرىمەن... ياتاقداشلىرىم شەنبە كۈنى چۈشتىلا كېتىپ قېلىشقان ئىدى، كەچقۇرۇن ساۋۇت مۇئەللىم بىلەن مۇدىر كەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆيى كان ئائىلىلىكلەر رايونىدا. مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى كونا ئۆيلەردە مەكتەپنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي خوجايىنى بولغان زاپخوز بالا - چاقىلىرى بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى شۇنچىلىك كۆپ، توخۇلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. بىلمىدىم پەشتاما ئايرىلمايدىغان سېمىز ئايالى قاچانلا قارىسا ساپما كەشىنى سۆرەپ بالىلىرى بىلەن توخۇلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىش بىلەن قارايمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ خۇددى شۇنداق ھېسسىياتلارنى كۆرىمەن. ئۇ ئىچىدە: ئوقۇيمەن، ئىشلەيمەن دەپ مۇشۇ يەرلەردە تىكەندەك يالغۇز يۈرىدۇ. ئىشچىنى ياراتمايدۇ، زىيالىسى بۇ يەردە بولمىسا، لايىق تاپالماي ئۆمرى ئۆتۈپ كېتەمدۇ تېخى... قىز بالىغا تەس جۇمۇ... دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ماڭا شەھەردە ئىشلەيدىغان ئىككى بالىلىق بىر بويتاق كىشىنى تونۇشتۇرماقچى بولغان ئىدى، مەن رەت قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى: مېنى ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىڭ، دېمەيدىغان بولدى.

ئەتىگەن شەھەرگە كىرمەكچىمۇ بولدۇم، ئەمما يەنىلا كىرگۈم كەلمىدى. نېمە قىلغىلى كىرىمەن؟ بەختلىك، كۆڭلىدىكىدەك جۈپتى - لايىقلىرى بار ساۋاقداشلىرىمنى، ئۇلارنىڭ سەھرالىقلارغا قارىغاندەك ئۈستۈنلۈك بىلەن قاراشلىرىنى، ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ؟ دەرسلىكلەرنى بىر دەم ۋاراقلاپ باقتىم، خۇشياقمىدى. رادىئونى ئاچتىميۇ، ئاھاڭى ھەم تېكىستى بىر - بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىمسىز ناخشىلاردىنمۇ بىردەمدىلا بىزار بولدۇم. ئاخىرى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن قارا تاشلىق خاتىرەمنى ئالدىم. ئۇ شۇ چاغلاردا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلۈپ يۈرگەن «چالىقۇشى» رومانى ئىدى. مەنمۇ ئۇنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن كۆچۈرۈپ مۇشۇنداق خاتىرىدىن ئۈچىنى توشقۇزغان ئىدىم. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ نەچچە قېتىم ئوقۇدۇمكىن، ئوقۇسام - ئوقۇسام قانمايمەن. ئۇنىڭدىكى چىن ھەم يۇمۇرلۇق ھېسسىيات، گۈزەل تىل، ئاجايىپ مۇھەببەتكە مەپتۇن بولۇپ كېتىمەن. بىراق، شۇ تاپتا چالىقۇشىمۇ ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس، چالىقۇشى ئاجايىپ گۈزەل. ئۇنى كۆرگەنلا ئەر كىشى ياخشى كۆرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ كامرانىنى تاشلاپ كېتىشى پەقەت ئەركە نايناق قىزلارنىڭ قىيىدىشى، خۇيلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن بولمىدىغان بولسام ئۇنداق

قىلمايتتىم. قارا چۈمبەلنىڭ خوتۇننى تويغۇزۇپ ئىككىنچى يولىماس قىلىپ ھەيدىۋېتەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن... دوختۇر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتىدىن قېچىپ يۈرگىنى نېمىسى، ھېچ چۈشىنەلمەيمەن. قىسقىسى، چالىقۇشى نېمىلا قىلمىسۇن، قانچىلىك جاپالارنى تارتمىسۇن ئۇ بەختلىك. ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلى - ھوشلىرىدىن ئايرىلغان. مەنچۇ؟ ھاياتىمدا مومامدىن باشقا بىرسىنىڭ ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى سەت، بەزىلىرى چىرايلىق بولۇپ تۇغۇلىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن شائىر، يازغۇچىلار چىرايلىقلار توغرىسىدىلا يازىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن رېئاللىقتىكى چىرايلىقلار كىتابتىكى چىرايلىقلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغاندۇ؟

دۈم يېتىۋېلىپ ئەينەككە قاراشقا باشلىدىم. بىر تۇتام چېچىم شۇ ھامان ئالدىمغا چۈشۈپ كۆزۈمنى توستى. توسسا توسىۋەرسۇن، قانچىلىك كۆزلەر ئىدى ئۇ. ساۋاقداشلىرىمنىڭمۇ كۆزۈڭ ھەممىدىن چىرايلىق، بولۇپمۇ كۈلگەن ۋاقتىڭدا يۇلتۇزدەك چاقناپ كېتىدۇ، دەيدىغان، بىراق ماڭا ئەزەلدىن يۇلتۇزدەك كۆرۈنمەيدۇ. شالاڭ قاش - كىرپىكىم، يوغان ئاغزىم ھېچقانداق كىشىنى ئۆزىگە قارىتالمايدۇ. پەقەت چىشلىرىملا چىرايلىق، قىياپەتلىك، رەتلىك ھەم ئاپئاق، تېخىمۇ پاقىرىتىش ئۈچۈن كۈندە ئىككى ۋاق چوتكىلايمەن. شۇڭىمىسى ئۆمرۈمدە بىرەر يىگىتنىڭ بىرەر قىزنى چىشلىرى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى ئاڭلىمىدىم...

ئىشىك چېكىلدى، ماڭا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەندۇ، ئىشىكنى كىممۇ چەككەتتى، دەپ قىمىرلىماي يېتىۋەردىم، ئىشىكنىڭ چېكىلىشى يەنە تەكرارلاندى. سەكرەپ قوپۇپ ئىشىكنى ئاچسام ئىشىك تۈۋىدە ئەكبەر مۇئەللىمىم! باش باھارنىڭ ئاپتىپىدىن كۆزلىرىنى قىسقىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىگە، يىگىتلەردەك قەددى - قامىتىگە، ئەترەك پوپايكىسىنىڭ ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق ياقىسىغا قاراپ بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتىم.

خاپىلىقلىرىم تۇزغاقتەك تۈزۈپ كەتتى. خۇددى ئاي شارىدا قەدىناس ئاغىنىسىنى ئۇچرىتىپ قالغان ئۇچقۇچىدەك تەئەججۈپ ۋە خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى باسالماي قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ تۋۋلىۋەتتىم:

—ۋوي، سىزمۇ بارمىكەنسىزغۇ! مەن تېخى جاھاندا ئۆزۈم يالغۇز قالدىممىكىن دەپتىمەن...

ئۇ ياتىقىدا تاماق ئېتىپتۇ، يالغۇز يېگىسى كەلمىگەنلىكتىن مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. مۇنداق تەكلىپكە رازى بولمايدىغان، تەييار تاماق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭۈلدىكىدەك ھەمسۆھبەت تۇرغان يەردە. بەلكى كەلگىنىمىزنىڭ خاتىرىسىمىكىن ئىككىمىز باشقىلارغا قارىغاندا بىر - بىرىمىزگە يېقىنراق تۇرىمىز، نۇرغۇن مەسىلىلەردە كۆز قارىشىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. ئاددىي، يۇمۇرلۇق، ئويلىغانچە مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلىمەن. ئەمما ئۇ بۈگۈن سۆزلىمىدى. پىيالەمنى ھېلىدىن - ھېلىغا تولدۇرۇپ قويۇپ جىم - جىت ئولتۇرۇپ مېنىڭ سۆزۈمنى تىڭشىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي سۆزلەپلا كەتتىم. موماماننىڭ ئۆيى، چۈشلىرىم، ھېلىقى

تېكىستى ۋە ئاھاڭى بىرلا خىل ناخشىلار، چالمىقۇشى، زېرىكەرلىك سۈلالىلەر...

ئۇ ماڭا ياتاقتا رادىئونى پەسرەك قويۇشنى، ياتاقداشلىرىم بىلەن مۇمكىن قەدەر ئەپلىشىۋېلىشنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭمۇ تۇرمۇشتىن ئازار يېگەن، بەختسىزلىكلىرى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىغان، ھېسداشلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئاياللار ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن يەنىلا بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇلار ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ، مەن ياتاقتا دەرسىمۇ تەييارلىيالمايمەن، — دېدىم مەن تەرسالىق بىلەن.

— ئۇنداقتا دەرسنى ئىشخانىمدا تەييارلاڭ، ئادەتتە مەنمۇ كەچلىرى ئىشخانىمدا تەييارلايمەن، ساھىبجامالمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ئالدىدا چۇشۇۋالىدىغان بىر تۇتام چېچىم يەنە كۆزلىرىمنى توسۇۋالدى. مەن ئاچچىق بىلەن بېشىمنى ئارقىغا سىلكىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ كۈلۈۋەتتى:

— سىززە... خۇددى كەپسىز ئوغۇل بالىغىلا ئوخشايسىز. قاراڭ، چاپىنىڭىزنىڭ تۈگمىسىمۇ تولۇق ئەمەس ئىكەن. سىزدېگەن ھازىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىڭىز. كىيىم - كېچەكنى رەتلىك كىيىشتە ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، دەرسخانىدا كىيىشكە بىرقۇر كىيىم تىكتۈرۈۋېلىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا كالىپىڭىزمۇ يوقكەن، ئەتىياز كىرىپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرلەر پاتقاق بولۇپ كېتىدۇ...

نىمىشكىدۇر ئۇنىڭ سۆزلىرى غورورۇمغا تەگدى. ئاچچىقىمنى ۋە خىجىللىقىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدىم.

— يا ئاللا. ئەكبەر مۇئەللىم، خەقنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا سەپ سېلىشتا ئاياللارمۇ سىزگە يېتىشەلمىگىدەك. بولدىلا، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە مەسلىھەتچى بولۇڭ، نېمە ئېلىپ، نېمە كىيىشنى سىزدىنلا سورايلى...

مەن ئالدى - كەينىگە ئىغاڭلاپ ئولتۇرۇپ توختىماي سۆزلەيتتىم، كۈلەتتىم، يەنە قانداقتۇر ئۆتكۈر، ئاچچىق سۆزلەرنى ئىزدەپ ئۇنىڭ زىتىغا تەگمەكچى بولاتتىم. ئەمما ئۇ كۈلمىدى، مېنى ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. دادامنى ئويلاپ ياتتىم. ئۇ مېنى زادىلا چېچىڭنى تاراپ يۈر، چاپىنىڭنىڭ تۈگمىسىنى ئەت، پالانى كىيىمىڭنى كەي دېمەيتتى.

* * *

ئىشخانىمىزدىكى ھېلىقى داۋاملىق بوش تۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئىگىسى — پەرۇخ ئاخىرى ئىشقا كەلدى. ئاقۇش سېرىدىق دولقۇنسىمان چاچلىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ تارىغان، قاشلىرى قارلىغاچ قانىتىدەك قايرىلىپ تۇرىدىغان، قوي كۆز، قاڭشارلىق بۇ يىگىتنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. گۈزەللىكنىڭ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان بىر خىل سېھىردى كۈچى بولىدۇ. بولۇپمۇ مەن ئۆزۈم چىرايلىق بولمىغاچقىمىكىن، چىرايلىق قىز - يىگىتلەرنى كۆرسەم ئۆزۈمچىلا ھودۇقىمەن. ئۇلار بىلەن ئاز - تولا ئارىلىشىپ، قەلبىنىڭ چىرايىدەك گۈزەل ئەمەسلىكىنى بىلگەندە بولسا، قەلبىمدىكى ئېتىقاد، ھەۋەس ۋە ھەسەتنىڭ ئورنىنى مەنسىتمەسلىك، نەپرەت ئىگىلەيدۇ. شۇتاپتا ئۇ ياۋۇز كۆزلىرىنى قىسىپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرىدۇ. مەن بۇ كۆزلەردىن:

www.uyghurkitap.com

تايىنىلىقلا بىرنىمىكەنسەن، بىراق خېلى ھالىڭ باردەك قىلىدۇ. لېكىن، كۆزلىرىمنىڭ سېھرىي كۈچى ئالدىدا سەن نېمىتىلىك... دېگەن مەنىنى چۈشەندىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى دەل ئەشۇ مەنە بىردىنلا غەزىپىمنى كەلتۈردى. نەدىن كەلگەن جاسارەتكىن، دىدىل قەدەم تاشلاپ ئۇتتۇر ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىگە خۇددى كېسەك تامغا قارىغاندەك قاراپ سالاملاشتىم. ئۇ ماڭا ھەيران قېلىۋاتقاندەك، ھەتتا سەل ھودۇققاندەك كۆرۈندى. مۇددىر ئىككىمىزنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا بولسا ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئەستايىدىللىق ئىپادىلەندى. مەن ئىچىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەڭگۈ مۇشۇنداق سوغۇق پوزىتسىيىدە بولىمەن، دەپ قەسەم ئىچتىم.

بۇ دۇنيادا غەم - ئەندىشە دېگەننى بىلمەيدىغان، خۇشاللىق، ئويۇن - تاماشا ئۇچۇنلا يارىتىلغان بىر خىل كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار ئۆزى بىلەن ھەممىلا يەرگە يەڭگىللىك، شاد- خۇراملىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر بولمايدۇ، پەرۇخ ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشى كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىنى خېلىلا كۆتۈردى. ئىشخانىمىزدا پات - پاتلا كۆڭۈللۈك چاقچاقلار، تورۇسىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك كۈلكىلەر ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى. مەن ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ كۈلۈشلىرىگە قاراپ ھەيران قالدىم. تووۋا، ئىلگىرى ئۇ ماڭا كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. يەنىلا ئەكبەر مۇئەللىم قالتىس ئادەم، ئۇ ئانچە چىرايلىقتىلاردىن بولمىغىنى بىلەن، كۈلگەن ۋاقىتلىرىدا شۇنداق يېقىملىق، دىلكەش كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەشۇ تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشقۇم، ئىچىمدىكى ھەممە سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بەرگۈم كېلىدۇ. مەن پەرۇخنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۆزۈمچىلا خۇشال بولۇپ كەتتىم.

پەرۇخ بىرەر ھەپتىگىچە شەھەرنىڭ يېڭىلىقلىرى، ئولتۇرۇش، بەزمە سورۇنلىرىدىكى لەتىپىلەرنى سۆزلەپ بىزنى زېرىكتۇرمىدى. شەنبە كۈنى شەھەرگە كىرىپ كەتكەندە باشقىلار ئۇنى ئەمدى يەنە بىر - ئىككى ئايسىز چىقمايدىغان بولدى، دېيىشكەنىدى، ئەمما ئۇ دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە يەنە مەكتەپتە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا بىر مىش - مىش پاراڭ تارقالدى: پەرۇخ شەھەردە بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ قىز بىلەن يۈرۈۋاتقان ئىكەن. بىر قېتىملىق توي چېيىدا ئۈچ قىز بىر يەردە بولۇپ قېلىپ، بۇ ئىش ئاشكارا بوپتۇ. نەتىجىدە توي چېيى ئۇرۇش - جېدەلگە ئايلىنىپتۇ. ھەتتا ئىش سوتقا ئەرز قىلىشقىچە بېرىپ يېتىپتۇ. پەرۇخ بولسا يۈز - ئابرويلۇق ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشنى بېسىقتۇرغىچە ھەسەت ۋە غەزەپ ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۈچ چىرايلىق قىزنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىۋاپتۇ . . .

ئۇ بۇ قېتىم گىتارىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ياتىقىدا ئولتۇرۇپ گىتارىنى ئاستا - ئاستا چېرتىپ تەڭشەيتتى. مۇنداق چاغدا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ياتىقىغا توپلىشاتتى. زاپخوزنىڭ ئايالى، بالىلىرىمۇ قالمايتتى. خۇدايا توۋا، خۇدا بەزى بەندىلىرىگە كەلگەندە شۇنچىلىك كەڭ قوللۇق قىلغان ئىكەنكى، ئۇلارغا دۇنيادا بار ئەۋزەللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەرگەن ئىكەن. يەنە بەزىلەرگە كەلگەندە بولسا . . . پەرۇخنىڭ ئاۋازى گىتارنىڭ ئاخىرقى پەدىلىرىدەك بوش ئەمما دولقۇنلۇق چىقاتتى. گىتارغا تەڭكەش قىلىپ دېۋۇلبۇلار

سايرىسا»، «سېنىڭ كۆزلىرىڭ»، «سەندىن باشقا يارىم يوق» دېگەندەك ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولسا، كۆزلىرىدە چاقنىغان سېرىق ئوت، ئاۋازىدىكى تىترەك مۇڭ كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ-ئېزىۋېتەتتى، كىشى ئۆزىنى، ئايىقى ئاستىدىكى يەرنى ئۇنتۇپ، باشقىچىلا سىرلىق، يوچۇن، بەكمۇ گۈزەل بىر مەنزىرە ئىچىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. ھەر بىر ناخشا ئاخىرلىشىپ گىتارنىڭ دولقۇنلۇق ساداسى ئاستا - ئاستا زەڭگەر كۆكۈم قوينىغا تاراپ، سىڭىپ، ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆككەندە بولسا، ھەممىلا كىشى ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانمىغاندەك، كۆرۈۋاتقان چۈشلىرىگە قىيالمايۋاتقاندەك بىر ئۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قېلىشاتتى. مەن ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى سېرىق ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بىھۇش كۆزلىرىنى بىرلا كۆرۈپ قورقتۇم. بۇ كۆزلەرگە ئەسىر بولدۇڭمۇ، تۈگەشكىنىڭ شۇ. بارلىقىڭ، ئىسمى - جىسمىڭ كۆيۈپ كۈل بولمىغىچە توختىمايسەن. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭدىن يىراق يۈر.

ئۆزۈم يالغۇز ياتاقتا ئولتۇرسام ئېمىشقىدۇر ئىچىم سىقىلىدۇ. قولاق تۈۋۈمدە گىتارنىڭ مۇڭلۇق سادادسى ياڭراپ، ھېلىقى ئوتلۇق كۆزلەر - مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھاياسىز كۆزلەر كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. ئۆز - ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىپ، ئەشۇ خىيالى كۆلەڭگىلەردىن قۇتۇلماقچى بولىمەن، ئەمما قۇتۇلالمايمەن. ساھىبجامال بىلەن مەرىيەمنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي: پەرۇخ ئاق، پەرۇخ كۆك، دەپ كېتىشلىرى تېخىمۇ جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ۋاقتىمنى ئىشخانىمدا ئۆتكۈزىمەن. پەقەت ئىشخانىمدىلا ئۆزۈمنى خاتىرجەم، بىخەتەر سېزىمەن. قولاق تۈۋۈمدە گىتارنىڭ ئاھ - زارى ئاڭلانمايدۇ، كۆز ئالدىمدا غەلىتە، سىرلىق مەنزىرىلەر چاقنىمايدۇ. پەرۇخمۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكى سېھىرلىك كۈچىنى يوقىتىپ قىزغىن، خۇشچاقچاق، سەل سۇيۇق، كىتاب ئوقۇش، قەلەم تۇتۇشنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدىغان ئادەتتىكىچىلا قۇرۇق سۆلەت يىگىتكە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە، ساۋۇت مۇئەللىم بىلەن ئەكبەر مۇئەللىملەرنىڭ قامىتى بىردىنلا زورىيىپ كەتكەندەك بولىدۇ. مەنمۇ بىر كۈنلەردە ئۇلاردەك ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى بولالىسام ئىدىم، دەپ ئارزۇ قىلىمەن. ئەكبەر مۇئەللىمغۇ: سىز كەلگۈسىدە چوقۇم ياخشى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقىسىز دەيدۇ، ئەمما كەلگۈسى دېگەن چاچلىرىڭ ئاقارغاندا دېگەنلىك. ئۇ زامانلارغىچە جاھاندا نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى، كىم بار، كىم يوقلۇقىنى خۇدا بىلىدۇ. بۇ يەرگە مەندىنمۇ گۈزەل ئارمانلار بىلەن نى - نى كىشىلەر كەپتىكەن. ھەممىسىلا ئۇزۇن تۇرماي، تەرەپ-تەرەپكە تۈزۈپ كېتىپتۇ. مېنى قانداق تەقدىر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدىكىن؟

مەكتەپنىڭ ئالدىدا باشقىلار «كۆيمىقاپ» دەپ ئاتايدىغان بىر دۆڭ بار. قىش - يېزى شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ دۆڭ مېنىڭ يەنە بىر ئارامگاھىم، يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئاشۇ يەردە پەلتۇرۇمغا چىڭ ئورۇنۇۋېلىپ يىراقلارغا قاراپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن. پەستىكى تۈزلەڭلىكتىن ئۇرۇلۇۋاتقان مۇزدەك شامالدا تاكى مەڭزلىرىم چىمىلداپ كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاققۇچە تۇرىمەن. بەلكىم سوغۇق شامالنىڭ خىيالىمىنى، چۈشىنىكسىز قايغۇ - ھەسرىتىمنى ئۇچۇرۇپ

ئېلىپ كېتىشىنى، روھىم، ۋۇجۇدۇمنىڭ باشقىدىن پاكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغاندىمەن. كىچىككىمدىن چۈشىنىكسىز بىر قايغۇ-ھەسرەت ماڭا ھەمراھ ئىدى. ئۇ گويا مەن بىلەن تەڭلا چوڭ بولدى. نېمىشقىدۇر يۈرىكىمنى ھەسرەت غاجىلايدۇ. ئۆتمۈشۈمدىن، خىياللىرىمدىن، رېئاللىقتىن، ھەتتا شادلىق ئىچىدىنمۇ ھەسرەت ئىزدەيمەن. ئۆزۈمچە سائەتلەپ، كۈنلەپ تۈگىمەسپىلا كېتىمەن. ئۇ خۇددى تۇماندەك، تۇتقاق كېسەلدەك ئۆتۈپ كەتكەندە بولسا، سەۋەبسىز خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغماي قالىمەن.

بىر كۈنى كۈكۈمدا ئارقامدىن بىرسىنىڭ:

— ھە، بۇ يەردىكەنسىزغۇ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلسام، پەرۇخ. پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋاپتۇ، چاچلىرى شامالدا ئۇچۇپ تۇرىدۇ.

نېمىنى دەيتتىم، ئۈندىمىدىم.

— سىزنى ئىزدەۋاتقىلى نەۋاخ... ياتىقىڭىزدىن، ئىشخانىدىنمۇ تاپالماي، ئېتىكى بىرسى ئېلىپ قاچتىمۇ نېمە دەپ ئەنسىرەۋېدىم...

— مېنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

يۈرىكىلىرىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرسىمۇ، ئاۋازىم توڭلا چىقتى.

— ئەجەبا سىز... تېخىچە سەزمەي يۈرەمسىز؟... بەزى گەپلىرىم بارتى... سىلەرنىڭ ياتاق ئەپسىز، بىزنىڭكىدە پاراڭلىشايلى، كەچتە سىزنى ساقلايمەن...

ئۇ كەتتى. مەن ئۇزاقىچە تۇردۇم. يۈرىكىم ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقاتتى. كۆز ئالدىمدىكى بارچە مەنزىرە-پىراقلارغا سوزۇلغان تاشلىق دالا، شالاڭ دەل-دەرەخلەر، يالغۇز-يېرىم ئۆيلەر، زېرىكىش، غېرىبلىق تۇيغۇسى قوزغايدىغان ئاسفالىت يول، ئۇ يەر-بۇ يېرىدە دەسلەپكى يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمان گۈمبىزى بىردىنلا رەڭدار سۈرەتتەك جۇلالىق تۇس ئالدى. غۇلىچىمنى كېرىپ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇچاقلىغىم، قەلبىمدە خېلى يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان، بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت سۆزلىرىنى ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتقۇم كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كۆڭلۈمنىڭ بىر چېتىدە كىچىككىنە بىر تۇيغۇ، كۆڭۈلسىز بىر گۇمان غەشلىكىمنى كەلتۈرەتتى. قانداق قىلاي، گۇمانخورلۇق مېنىڭ كونا كېسىلىم. ئاشۇ گۇمانخورلۇق تۈپەيلى كۆپ زىيانمۇ تارتتىم. ئۇرغۇن قىزلار بىلەن ئارىلاشقان بولساممۇ، ھېچقايسىسى بىلەن دوست بولالمىدىم. ئادەملەرنىڭ بىردىكە قارىسام ئۇنداق كۆرۈنگەن، بىرى مۇنداق... مانا شۇ تاپتىمۇ پەرۇخنىڭ كۈلۈشلىرى، كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە غىل-پال چاقناپ تۇرىدىغان قانداقتۇر بىر نەرسە قەلبىمگە قاپ-قارا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرىدۇ. دېمىسەمۇ، ئۇنىڭدەك گۈزەللىك، مۇھەببەت ئۇچۇنلا يارىتىلغان كۆرەڭ يىگىتلەرنىڭ مەندەك بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىككىمىز گويا ئوت بىلەن سۇ. ئۇ چىرايلىق، مەن سەت. ئۇ ئابرويلۇق ئائىلىنىڭ ئەركە بايۋەتچىسى، مەن يېتىملىكتە چوڭ بولغان ياۋا قىز. ئۇ ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرىدىغان، قىزلارنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالغان، ھاياتتا ھەممە يوللىرى راۋان يىگىت. مەن بولسام ئۈستەڭگە بارسام ئۈستەڭنىڭ سۈيى قۇرۇپ قالىدىغان تەلەيسىز بىچارە، ئاھ، تەگشەلمىگەن ئالەم...

23 ياشلىق ۋۇجۇدۇمدا گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىم: سەنمۇ ئادەم، سۆيگۈ - مۇھەببەتتە سېنىڭمۇ ھەققىڭ بار، چىرايلىق بولمىغىنىڭ بىلەن، سەندە چىرايلىق قىزلاردا تېپىلمايدىغان تەرەپلەر بار، ئىككىلەنمە، ھېچنىمىگە قارىما... دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.

ئۆز - ئۆزۈم بىلەن ئۇزاق ئېلىشتىم.

پەرۇخنىڭ ياتىقى ئالدىغا قاچانلاردا، قانداقلارچە كېلىپ قالدىمكىن؟ ئىشىكنى چېكىش ئۈچۈن قولۇمنى كۆتۈرۈۋېدىم، كۆزۈم ئۇنىڭ قاپ - قاراڭغۇ دېرىزىسىگە چۈشتى. ئۇ خۇددى يىرتقۇچنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزى، چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئادەم پارچە - پارچە بولماي قالمايدىغان تەگسىز ھاڭ. شۇتاپتا ئۇ قاراڭغۇدا كارۋىتىدا يېتىپ مېنى ساقلاۋاتىدۇ. ئىشىكتىن كىرىشىمگە قۇچاقلىۋېلىپ كارۋىتىغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ مۇنداق ئىشلارغا پىششىپ كەتكەن. قىزلارنىڭ ئىپپىتى، كۆز ياشلىرى، بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس...

كۆتۈرۈلگەن قولۇم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى، كەينىمگە ياندىم. ياتاققا قايتىپ كىرىپلا ياتاقداشلىرىمنىڭ سىنچىلاپ قاراشلىرىنى ۋە كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ، قانداقتۇ ئىما - ئىشارەتلەرنى قىلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. گەپ - سۆزسىز ئورنۇمنى سېلىشقا باشلىدىم. ئۇخلىيالماسمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، نەدىكىنى، بىردەمدىلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، كېچىچە مومامنى چۈشەپ چىقىپتىمەن.

دەرستىن بالدۇرراق چۈشكەن ئىدىم. ئىشخانىدا بىرسىنىڭ قايناپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلدى - دە، ئىشىك ئالدىدا توختاپ قالدىم. ئەكبەر مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان غەلىتىلا بىر ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى:

-... ۋاھ، ئەجەب قالتىس يىگىتكەنسىنا، ئىككى ئايالنىڭ ئالدىدا ئاتقان لاپلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا بىر قىزنى قولغا چۈشۈرمەكچى بوپسەن... ئەمەلىيەتتە سەن ھازىرچە كۆتۈگىنى قىسىپ شەھەردىكى جېدەل - ماجىرالىرىڭنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتسەڭ بولاتتى، ئەكسىچە... سەندە ۋىجدان، نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ زادى؟ مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يامان نىيەت بىلەن يېقىنلىشىش كويىدا بولىدىكەنسەن، مەندىن رەنجىمە!... ھەي... مەن ئىككىڭلارنىمۇ بۇ قەدەر... دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، سىلەرمۇ ئايال كىشىغۇ، ئەجەبا سىلەر بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمامسىلەر؟ ئۇ بىر ئاجىز قىز بالا، ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان يولىمىز بارغۇ...

بېنانى بېشىمغا كىيىپ ھۆكرەپ يىغلىغىنىمچە ياتاققا چاپتىم. ئۆزۈمنى كارۋاتقا بىر تاشلىغانچە ئۈچ كۈن ياتتىم. ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان ئەركىلىكلەرنى قىلدىم. ساھىبجامال بىلەن مەريەم ئۆزلىرىنىڭ قىلغىنىدىن ئۇيۇلۇپ قېلىشتىمىكىن، ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ قىلارغا قىلىق تاپالمايتتى. ئۇلار ماڭا ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇشقان ئىدى، بېشىمنى يوتقانغا پۈركىۋېلىپ ئاڭلاشنى خالىمىدىم. ئۇلار خىيالىمنى چالغىتىش ئۈچۈن ماڭا ساۋۇت مۇئەللىم بىلەن خوتۇنى توغرىسىدا نۇرغۇن كۈلكىلىك پاراڭلارنى قىلىپ بەردى. ئەكبەر مۇئەللىمنىڭ ئايالى بىلەن ئەپ ئەمەسلىكى، ئايالىدىن يىراقراق تۇرۇش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانلىقى،

شۇڭا شەنبە، شەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئۆيىمگە قايتمايدىغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرىشتى. بۇ سۆزلەر ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە ماڭا ئۆز بەختسىزلىكلىرىمنى ئۇنتۇلدۇردى. ۋۇجۇدۇمنى ئەكبەر مۇئەللىمگە بولغان ھېسداشلىق چۇلغىۋالدى. مەن ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالىدىغان، ئۇنىڭغا يېقىشقا تىرىشىدىغان بولدۇم. ساھىبجامال، مەريەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىمۇ ياخشىلىدىم. بۇنىڭ پايدىسىنى ھەم كۆردۇم. بولۇپمۇ ساھىبجامالنىڭ كونا دەرسلىك تىزىسلىرى ئىشىمنى كۆپ يەڭگىللەتتى. ھە، راست، مەن يېڭىدىن بىر قۇر كاستۇم - يوپكا تىكتۈردۈم. كىيىملىرىمنىڭ تۈگمىسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. تېخى بىر يەكشەنبە كۈنى شەھەرگە كىرىپ چېچىمنى بۇدۇرە قىلدۇرۇپ چىقتىم. بېلىمگە چۈشىدىغان، يوغان - يوغان ئىككى ئۆرۈم قوڭۇر چېچىمنى يەردە يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان ھالەتتە كۆرۈپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. بىراق، ئەينەكتىن چاچلىرى قىسقا ياسىتىلغان، رەتلىك، چاققان كىيىنگەن ياش مۇئەللىم قىزنى كۆرگىنىمدە يىغام كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەردى.

* * *

ئۈرۈمچىنىڭ ئۇزۇن ھەم سوزۇلما قىشى بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە كەلگەندە يەنە بىر دەپسىنىپ، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىۋېلىپ ماڭدى. ئاپرېل ئايلىرى ئوتتۇرىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، مەكتەپ بىناسىنىڭ ئارقىسىدا، ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى جايلاشقان ئىچكىرى - تاشقىرى قورۇنىڭ تەسكەي بۇلۇڭلىرىدا ئەسلى رەڭگى ھەم شەكلىنى يوقىتىپ، پاسكىنا، ھۆتمە - تۆشۈك كونا مازغا ئوخشىشىپ قالغان قالدۇق قارلار كۆزگە تاشلىنىدۇ. بىنانىڭ قارشى تەرەپتىكى يانباغىردىن سوقۇپ تۇرىدىغان مۇزدەك شامال تېخى كىشىنىڭ يۈزى، قۇلاقلىرىنى چېقىپ - چېقىپ ئالىدۇ. ئەنە ماي، مانا ماي دەپ يۈرگەن كۈنلەردە ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ قار ياغدى. تېرەكنىڭ پوتلىسىدەك چوڭلۇقتا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ھەش - پەش دېگۈچە قورونى، يوللارنى، داللارنى كۆمۈپ تاشلىدى. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن تەڭ، شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئۆزلىرىنى سىرتقا ئېتىپ، قوغلىشىپ، يومداقلىشىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئارقىسىدىن تالاغا يۈگۈردۈم. قارلىرى دەسسەلمىگەن ئادەمسىز چىغىر يولغا چۈشتۈم. ئايىغىم ئاستىدا قار يېقىملىق غىرىسلايتتى. قار ئۇچقۇنلىرى پېشانەم، مەڭزىم، لەۋلىرىمگە يېقىملىق ئورۇلاتتى ۋە بىردەمدىلا ئېرىپ يوق بولۇپ كېتەتتى. قوللىرىمنى ئۇزىتىپ ئاجايىپ نەپىس قار گۈللىرىنىڭ ئالقىنىم ئۈستىگە تىۋىشسىز قونۇشىنى ۋە ئېرىشىنى تاماشا قىلغاچ كېتىپ بارىمەن. ئاسمان، يەر، كۆز يېتىدىغانلىكى بوشلۇق ئاپئاق، ئىنسى-جىنسىز. پەقەت قار ئۇچقۇنلىرىلا جاھاننى بىر ئېلىپ پىرقىراپ توزغۇيدۇ. كۆڭلۈممۇ قار گۈللىرىدەك تازا، تىنچ، يەڭگىل. ئاشۇ يەڭگىللىك ئىچىدە يىراق، سىرلىق بىر يەرلەرگە كەتسەم دەيمەن.

چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭدە يول ئۈچكە ئايرىلىپ كېتەتتى. يوللارنىڭ بىرى يېقىن يېزىغا، بىرى ئېتىزلارغا، يەنە بىرى تېخىمۇ يىراق، نامەلۇم يەرلەرگە كېتەتتى. ئەشۇ نامەلۇم يول ماڭا چۆچەكلەردىكى «بارسا كەلمەس يول»نى ئەسلەتتى. ئەشۇ يولغا ماڭماقچى بولدۇم. توساتتىن، بۇ خىيالىي دۇنيادا مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يەنە بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ

قالدىم. ئۇ تۇغرىسىغا تاشلاپ قويۇلغان ئۆرۈك كۆتىكى ئۈستىدە قولى بىلەن ئېگىكىنى يۆلەپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. چاچلىرى ۋە يېپىنچاقلىۋالغان كالتە پاختىلىق چاپىنىغا قار قونۇپ كەتكەن ئىدى. سەل ئېگىلگەن قەددى - قامىتىدە، كەڭ پېشانىسى، تۈپتۈز قىرلىق بۇرنى، قىسىلغان كۆزلىرىدە، يوغان قارامتۇل قوللىرىنىڭ كۆرۈنۈشىدە تېشىغا تېپىپ تۇرغان غايەت ئىچكى گۈزەللىك بىلەن ئەرلەرگە خاس مەردانە تاشقى گۈزەللىكنىڭ ئاجايىپ بىرلەشمىشى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي ئۇزاققىچە قاراپ تۇردۇم. ئىچىمدە، مانا ھەقىقىي ئىنسان دېگەن، مانا ئەر كىشى دېگەن! مۇشۇنداق ئادەم بىلەن بىللە ئۆتسەڭ دۇنيادىن ئارمانسىز ئۆتمەمسەن، دەپ ئويلىدىم. يۈرىكىمدە ئىسسىق بىر ئېقىم مەۋج ئۇراتتى، كۆزلىرىمگە ياش تولدى. ئۇنىڭ ئالدىغا تىز چۆكۈپ، ئەشۇ يوغان، مېھرىبان قوللىرىغا بېشىمنى قويۇپ ۋارقىراپ يىغلىغۇم كېلەتتى... ئەشۇ كۈن، ئەشۇ مەنزىرە قەلبىمدە ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىپ قالدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ يەر - جاھان چاقناق، ئىللىق ئاپتاپقا تولدى. چۈشكىچە تۈنۈگۈنكى قارنىڭ ئەسىرىمۇ قالمىدى. قۇياشنىڭ تىكلىشىشىگە ئەگىشىپ قار سۈيىگە تويۇنۇپ زەيلىشىپ كەتكەن يەرلەردىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەكتەپ ئالدىدىكى دۆڭدىن قارىغاندا ھەممىلا يەرنى قاپلىغان، ئاستا - ئاستا سۈرۈلىۋاتقان ھورلار خۇددى تۇتاش ئاق بۇلۇتلاردەك كۆرۈنەتتى. كىشى ئۆزىنى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەندەك سېزەتتى.

مەن ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بىلدىمكى، باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار ئىكەن. ساھىبجامال قاچانلاردىندۇر تارتىپ ئەكبەر مۇئەللىمنىڭ ياتىقىنى كۆپ چۆگىلەيدىغان. ئۇنىڭ كېپى چىقسا كۆزلىرى ئوينىناپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. كەچلىرى ئىشخانىدا ئەكبەر مۇئەللىم قوزغالمىغىچە ئۇمۇ قوزغالمايدۇ، ئەكبەر مۇئەللىم كەلمىگەن كۈنلىرى ئۇمۇ بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ ياتاقىغا كېتىپ قالىدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئاغزىدىن «ئەكبەر» چۈشمەيدۇ. ئىچى تارلىق ئارىلاش ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتىم. بېچارىنىڭ يۈزى خۇددى قوقاس چېچەۋەتكەندەك (ئېيتىشلارچە، ئاينىڭ يۈزىگە بىرى قوقاس چېچىۋېتىپتىكەنمىش) سۇۋارى داغ، سەپكۈنلەر بىلەن قاپلانغان ئىدى. بۇ ھالىتى بىلەن ئۇ پەۋقۇلئاددە ھۈنىرى بولمىسا ئەرلەرنى ئاسانلىقچە ئۆزىگە قارىتالمايتتى. بىراق، ئۇنى ھۈنىرى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇزۇن يىللىق تۇللۇق، يالغۇزلۇق ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۆگەتكەندۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەكبەر مۇئەللىممۇ كۈنلىرىنى ئەنە شۇنداق يالغۇزلۇق، زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتىدىغۇ... بۇلارنى ئويلىسام قورقۇنۇچتىن يۈرەك سوقىشىم توختاپ قالغاندەك بولاتتى، پۇت - قولۇم مۇزلاپ كېتەتتى. تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ھالىتىمگە كۈلگۈم كېلەتتى. نېمە بولۇۋاتىدىغاندىمەن، ئۇ دادامدەك ئادەمغۇ، خوتۇنى، بالا - چاقىسى بار...

* * *

مۇدىر ئەكبەر مۇئەللىم ئىككىمىزنى چاقىرىپ مەكتەپ قىرائەتخانىسىنى رەتكە سېلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدا پاراڭلاشتى. مەن مۇدىرنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ تەكلىپنى

بەرگۈچى ھەم مېنى بۇ ئىشقا تارتقۇچىنىڭ ئەكبەر مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى سېزىۋالدىم. ئوغرىلىقچە چىرايىغا قارىسام خاتىرجەم، ھېچنەرسىنى ئۇقمىغاندەك ئولتۇرىدۇ، خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتىدۇ. مۇدىردىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە پىلان، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇدىرنى ئېرىتىپلىۋەتتى. مۇدىر خۇشال بولغىنىدىن تىزىغا شاپىلاقداپ (ئۇنىڭ ھاياجانلانغان ۋاقىتلىرىدا تىزىغا شاپىلاقدايدىغان ئادىتى بار ئىدى):

— يارايسىلەر، يارايسىلەر! سىلەردەك ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆپرەك بولغان بولسا، مەكتەپنى ئىككى يىلدىلا شەھەر بويىچە نەمۇنە مەكتەپكە ئايلاندۇرغان بولاتتىم. دادىل ئىشلەۋېرىڭلار، پۇل خەجلەشتىن قورقماي شەھەرگە كىرىپ يېڭى كىتابلاردىن ئېلىپ چىقىڭلار، ھەممە ساھەدىن بولسۇن، بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ شەھەر بالىلىرىدەك خالىغان كىتابنى تېپىپ ئوقۇيالايدىغان بولسۇن، — دەپ سايراپلا كەتتى.

ئىشنى شۇ كۈنىلا باشلىۋەتتۇق. «كۇتۇپخانا» ھاجەتخانىنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز كىچىك سىنىپ ئىكەن. تام بويلاپ قويۇلغان توپا بېسىپ كەتكەن كونا ئىشكاپلاردا قىزىل مۇقاۋىلىق «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، «ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»لەر تولۇپ كېتىپتۇ. ئىشكاپنىڭ بىر بۇرجىكىگە «دۇڭ سۇنرۇي»، «لېي فېڭ ھەققىدە ھېكايە»، «يەنئەن مۇداپىئەسى» دېگەندەك بىر نەچچىلا كىتاب تاشلاپ قويۇلۇپتۇ، ئوتتۇرىدا سىنىپلاردىن ئېلىپ چىققان بىر نەچچە جوزا - ئورۇندۇق. قىرائەتخانىنىڭ بار - يوق مۈلكى ئەنە شۇلارلا ئىدى. ئىككىمىز يەڭلىرىمىزنى تۈرۈپ ئىشكاپ، تام - تورۇسلارنى تازىلىدۇق، دېرىزە ئەينەكلىرى بىلەن پولنى سۈرتتۇق. كىتابلار بىلەن جوزا - ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ، بار كىتابلارنى تۈرلەر بويىچە تىزىملاپ چىقتۇق. ئەكبەر مۇئەللىم ئىشنىڭ كۆپىنى ئۆزى قىلغىنىغا قارىماي كىيىملىرىگە چاڭ قوندۇرمىدى. مەن شۇنچىلىك پالاكەتلىك قىلدىمكى چاچلىرىمدىن تارتىپ ئاياغلىرىمغىچە چاڭ - توزانغا مىلىنىپلا كەتتىم. كىتابلارنى رەتلىدىم دەپ ھەدېسىلا يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتىم، پولنى سۈرتۈۋېتىپ جوزا - ئورۇندۇقلارنى ئۆرۈۋېتەتتىم.

ئەكبەر مۇئەللىم ئەپتىمگە قاراپ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلەتتى، «ئولتۇرسا بورىنى، قوپسا مورىنى چۇۋۇپتۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى بۈگۈنكىدەك چوڭقۇر ھېس قىلمىغان ئىدىم، دەپ چىشىمغا تېگەتتى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا تېرىكەتتىمىيۇ، ئارقىدىن ئۆزۈممۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ كېتەتتىم.

بىز شەھەرگە ئۈچ - تۆت قېتىم كىرىپ، كىتابخانىمۇ - كىتابخانا ئارىلاپ يۈرۈپ بىر نەچچە يۈز پارچە يېڭى كىتاب ئېلىپ چىقتۇق. كۇتۇپخانىمىز بارا - بارا كۇتۇپخانىغا ئوخشىغىلى تۇردى. ئۇ دەرسكە كىرىپ كەتكەندە مەن، مەن دەرسكە كىرىپ كەتكەندە ئۇ باشقۇراتتۇق. كۇتۇپخانىمىز بالىلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى. كىتابلارغا قانائەت قىلماي ئەكبەر مۇئەللىمدىن ئۇنى - بۇنى سورايدىغان بالىلارمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى يۇقىرى يىللىق سىنىپنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۇنىڭدىن:

— مۇئەللىم، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن داڭلىق يازغۇچى چىقمىغانمۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭمۇ رومانلىرىمىز يوق؟ — دەپ سورىدى.

ئەكبەر مۇئەللىم ئۇنىڭغا

«تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» دېگەنگە ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر كىتابلىرىمىز بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ چاغدىكى باللار مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى بىلمەيتتى. ئابدۇرېھىم نىزارىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى، شۇڭا ئەكبەرمۇئەللىمنىڭ كىلاسسىكلار توغرىسىدىكى سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئاجايىپ بىر رىۋايەت ئاڭلىغاندەك ئاڭلىشاتتى. پەقەت ھېلىتى ئوقۇغۇچىلا قايىل بولمىغاندەك بىر ئەلپازدا:

— ئەجدادلىرىمىز بۇرۇنقى زاماندا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپتىكەن، ھازىر نېمىشقا قىلالمايدۇ؟- دەپ سورىۋېدى، ئەكبەر مۇئەللىم بىردەم تۇرۇپ كېتىپ: «پاھ، بۇ سوراقنىڭ قاتتىقلىقىنى!» دەپ كۈلۈپ قويدى، بىراق ئەشۇ سوئالنى ئۇ زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدى. ئىشخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇ كۆپ قېتىم ئەشۇ ئىشنى مىسالغا ئېلىپ:

— كۆردۇڭلارمۇ؟ ئەۋلادلار بىزنى تېخىمۇ جىددىي سوراققا تارتىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، - دەيتتى.

ئۇزۇن كەچلەردە ئەشۇ كىچىككىنە كۇتۇبخانىدا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتسەك گېپىمىز تۈگىمەيتتى. ئەدەبىياتتىن، تارىختىن، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن، جەمئىيەتتىن، كەلگۈسىدىن بىلگىنىمىزنى قويماي سۆزلىشەتتۇق، تالىشىپمۇ قالاتتۇق. ئەشۇ بورۇقتۇرما يىللاردىكى كۆپ قىسمىمىز دىيالىملارغا ئوخشاش بىلىدىغىنىمىز چەكلىك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستالىن دەۋرىدە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتابلىرىدىن، مەكتەپتە ئۆگەنگەن يېرىم-ياتا، بەزىلىرى خېلىلا بىر تەرەپلىمە دەرسلەردىن باشقا بىلىم مەنبەئىمىز يوق ئىدى.

ئەمما، ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئىدى. مەسىلىلەرگە ئاجايىپ توغرا، چوڭقۇر قارايتتى. مېنىڭ كۈندەكلىك، يۈزەكى چىقىپ تۇرىدىغان قاراشلىرىمنى ئۇ ئەزەلدىن مەسخىرە قىلمايتتى. تېخى، مەسىلىلەرگە مۇستەقىل قارىشىڭىز بار، مۇشۇ يېرىڭىز ياخشى، دەپ ماختاپ قوياتتى. بەزى كۈنلىرى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا سۆزلەپ كېتەتتى. ئۆتكەن كۈنلىرىنى، تارتقان ھەممە جىسمانىي ۋە روھىي خورلۇقلىرىنى ...

— مەن ئۇرغۇن ئىشلارنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئەڭ ئاددىي ھەم تۈپكى ھەقىقەتنى ئەشۇ ئاددىي خەلقتىن ئۆگەندىم،— دەيتتى ئۇ،— ئادەم ئادەمنى خورلىماسلىقى كېرەك ئىكەن، بىز ھەممىمىز ئىنساننى قەدىرلەشنى، ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە ئىچ ئاغرىتىشنى، ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك ئىكەن. مەن تۈرمىدە ئوغرى، يانچۇقچى، قاتىل دېگەندەكلەردىن كۆپ ياخشىلىق كۆردۈم، ئەپسۇسكى ھەممە يامانلىقنى بەزى يېقىن دوستلىرۇمدىن، مەدەنىيەتلىك زىيالىي ھېسابلىنىدىغان، كاللىسى بىر تەرەپلىمە قاراشلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلەردىن كۆردۈم، ئەشۇلار ماڭىلا ئەمەس، سانسىز كىشىلەرگە بالايىئاپەت، ئۆلۈم، بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئەپسۇسكى ئۆز قىلمىشىدىن قىلچە ۋىجدان ئازابى تارتىپ باقمىدى، مەڭگۈ ھەم تارتمىسا كېرەك، ئازاب يەنىلا ئازابلىنىشنى بىلىدىغان يۈرەكنىڭ ئىشى ئوخشايدۇ... كۆزۈمنى يۇمسام يول - يول قىزىرىپ كەتكەن يالىڭاچ بەدەن، يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان كالتەك، مۇشت، تېپىك، ھاقارەتلىك

سۆزلەر كېلىدۇ. چۈشۈمدىمۇ شۇلارنى كۆرىمەن، ۋارقىراپ – جارقىراپ، چىملىق – چىملىق تەرگە چۆمۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن...

ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمنى جىغىلدىتاتتى، ئازابىم ئۇنىڭ ئازابلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەندەك بولاتتى، بۇ مېنىڭمۇ ئۆتمۈشۈم ئەمەسمۇ؟ ئۇمۇ ھايات تەرىپىدىن ئۆگەيلىنىپتىكەن، خورلۇق، ئىنسانىي ھوقۇقى، قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپتىكەن ئەمەسمۇ...

بىر كۈنى كونا، چەكلەنگەن كىتابلار دۆۋىسىدىن نېپىزغىنە بىر توپلامنى تېپىۋالدىم. ئۇ دەل ئەكبەر مۇئەللىمنىڭ 60- يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغان كىتابى ئىكەن. شۇ ئاخشىمى ساھىبجامال بىلەن مەريەمنىڭ: چىراغىنى ئۆچۈرمىدىڭ، ئۇخلاتمىدىڭ، دەپ كايىشلىرىغا قارىماي ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. گۈزەل تىل، چىن ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بىر ھېكايە ماڭا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئەتىسى كۈتۈپخانىدا ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا مەن ئۇنىڭغا:

– مەن ئاخشام بىر ھېكايە ئوقۇدۇم، ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان ئىكەن، – دېدىم.

– راستىمۇ؟ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ – دېدى ئۇ.

– بىر يىگىت بار ئىكەن، ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىكەن، بەكمۇ ھېسسىياتلىق، خىيالچان ئىكەن. ئۇ بىر قېتىملىق تانسىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدىكەن، كېيىن ئۇلار توي قىلىدىكەن، بىراق تويىدىن كېيىن ئۇ، ئايالىنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى ۋە ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى «پەرىشتە» ئەمەسلىكى، بەلكى ئۆزىنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان، ئاچكۆز ھەم شۆھرەتپەرەست ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەن. ئۇ، ئايالى بىلەن ئاجرىشىش قارارىغا كەلگەن كۈنى ئايالىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، مۇھەببەت، بەختلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى بارلىق شېرىن ئارزۇلىرىدىن كېچىپ، تېخى دۇنياغا كەلمىگەن پەرزەنتى ئۈچۈن مۇھەببەتسىز ئائىلىسىنى ساقلاپ قالىدىكەن...

مەن ھېكايىنى سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزلىرى لاۋۇلداپ يانغاندەك بولدى، ھېكايە ئاخىرلاشقىنى بىلەن تەڭ كۆزلىرىدىكى ئوت ئۆچۈپ خىرەلەشتى، نېمىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، ئېغىز ئاچمىدى.

– ئاڭلىشىمچە، بۇ ھېكايە ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى ئىكەن...

ئۇ يەنىلا ئۈنچىقمىدى، ئەمما بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى. ئۇ ئاجايىپ ئېچىنىشلىق كۈلۈمسىرەش ئىدى، ئەشۇ كۈلۈمسىرەشتىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىملا بىر نېمىسى كەمدەك يۈرىدىغانلىقىنى، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆيگە قايتمايدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئاۋۇ كۈندىكى قاردا ئۆزى يالغۇز چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئىككىمىز ئۇزاققىچە ئۈن – تىنسىز ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ پەرىشان ھالىغا، ئۆزمەي تاماكا چېكىشلىرىگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ ئەقلىسىزلىق قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم، بىر نېمە قىلىپ كۆڭلىنى ياسىماقچى، خىيالىدىن چالغىتماقچى بولاتتىم، ئەمما گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمەيتتىم.

تورۇستا قويۇق كۆكۈش تاماكا ئىسى لەيلەپ يۈرەتتى. كونسېرۋا قۇتىسىدىن ياساۋالغان كۈلدان ئاللىقاچان تولۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەن ئىدى (ئۇنى تېخى بۈگۈن ئەتىگەن تازىلاپ قويغان ئىدىم). مەن ئۇنىڭ تاماكا ئىسىدىن قىسىلغان نۇرسىز كۆزلىرىگە قارىدىم-دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاستاغىنە ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، قولىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ ئۆچۈرۈپ كۈلدانغا تاشلىدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا خېلىغىچە ئۈنچىقماي قاراپ تۇردى.

سىرتتا باھار ئاسمىنى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىككىمىز سۈكۈت ئىچىدە ئايرىلدۇق. ياتاققا كىرسەم كاردىۋات غىچىرلاپ ساھىبجامالنىڭ بېشى كۆرۈندى:

— سائەت 12 بولاي دېدى، نەلەردە يۈردىڭىز؟ سىز دېگەن قىز بالا جۇمۇ . . .

نېمىشقىدۇر ئەكبەر مۇئەللىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق دېيىشكە تىلىم بارمىدى، كۈتۈپخانىدا تاپشۇرۇق تەكشۈردۈم، دېدىم. ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەپ گەپ تەشمەكچى بولۇۋېدى، ئۇيقۇم كېلىپ كەتكىنىنى ئىپادىلەپ ئۈنلۈك ئەسنەپ كېرىلىپ قويدۇم، كۆرپەمنى تارتىپ سېلىپ، ئۆزۈمنى ئۈستىگە تاشلىدىم.

گاراڭ بىر ھالەتتە ئىدىم. مېڭەم تورمۇزلىنىپ قالغاندەك، ھېچنەرسىنى ئويلىغىم كەلمەيتتى. نېمىشقىدۇر ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلىغۇم كېلىپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك دومىلاشقا باشلىدى، يوتقانغا مەھكەم پۈركىنىۋېلىپ ئۇزاققىچە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىدىم . . .

* * *

ئىككى ھەپتە بولدى، پەرۇخ يەنە يوق بولۇپ كەتتى. ياتاقداشلىرىم: ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ مەكتەپنى زېرىكتۈرمەكچى، دېيىشەتتى. مەرىيەم ئۆيىگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇششاق - چۈششەكلەردىن باشقا ئىككى ياشلىق ئوغلىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بىر كىچىك بالا ياتىقىمىزنى راستىنىلا بازارغا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇنى كۆرۈپ زاپخوزنىڭ بالىلىرىمۇ ئىشىكىمىزدىن كېتەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ دەرسكە كىرىپ كەتكەندە، بالىسى ئىشخانىدا قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئەكبەر مۇئەللىم ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوينىتىپ كېتەتتى. بارا - بارا ئۇ ئەكبەر مۇئەللىمدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان، ھەتتا ئاپىسىنىمۇ ئۇنىمايدىغان بولدى.

ئۇنىڭ بالىنى قورۇدا، يوللاردا گاھ يېتىلەپ، گاھ ھاپاچ قىلىپ ئوينىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم كۆڭلۈمدە قىزغىنىشتەك بىر خىل سېزىم پەيدا بولاتتى. ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىغا، ئۇنىڭ چىرايىدا، قوللىرىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا پارلاپ تۇرغان ئاتىلارچە مېھرىبانلىقىغا قانماي قاراپ قالاتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭغا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن ئەشۇ ئاخشامدىن تارتىپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يىراقلىق پەيدا بولغان ئىدى. ئىككىمىز يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئىلگىرىكىدەك ئەركىن پاراڭلىشالمايتتۇق. ئۇ بالا بىلەنلا بولۇپ، مېنىڭ بارلىقىمنى ئانچە ھېسابقا ئالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەنمۇ ئىلگىرىكىدەك ئاغزىمغا كەلگەنچە سۆزلەشتىن، چاقچاق قىلىشتىن، كەلسە - كەلسە قېيداشتىن، ياتاقلىرىغا ئۇسسۇپ كىرىۋېرىشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. ئەنە شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە يىللىق ئىمتىھانلار يېقىنلاشتى. ھەممىمىز يەنە ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. ئەشۇ

ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بىر مەزگىل ھەممىنى ئۇنتۇتقاندەك بولدۇم. ئاخشىمى چارچىغىنىمىدىن ياتاقتا كىرىپ ئۆزۈمنى ئورۇنغا ئېتىشقا ئاران ئۈلگۈرەتتىم.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، قورسىقىمنىڭ ئويۇقسىز قاتتىق ئاغرىشىغا چىدىماي ئاللاتوۋا سېلىپ ياتاقتىكىلەرنى ئويغىتىۋەتتىم. ئۇلار ئەكبەر مۇئەللىم بىلەن زاپخوزنى ئويغاتتى. دەسلەپتە مېنى دوختۇرخانىغا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئاپارماقچى بولۇشتى. ئەكبەر مۇئەللىم: «سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قالسا چايقىلىپ كەتسە چاتاق بولىدۇ، يۆدۈپ ئاپىرايلى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھاپاش بولدۇم. خۇددى مەرىيەمنىڭ بالىسىدەك قوللىرىمنى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىمنى، ئاغرىق دەستىدىن ئىككى پۈكۈلگەن تېنىمنى ئۇنىڭ كەڭ، قامەتلىك يەلكىسىگە چىڭ چاپلىدىم. ئۇنىڭ ئىللىق ۋۇجۇدىدىن بەدىنىمگە تارقاۋاتقان ھارارەت مېنى خېلىلا تىنچلاندۇرغاندەك بولدى. ئۇ ئىككى كىلومېتىر يولنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ، مېنى دۈمبىسىدىن چۈشۈرمەي دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. يەرگە قويۇشى بىلەنلا يەنە ئاغرىقىم تۇتۇپ كەتمەسمۇ...

دەرۋەقە، سوقۇر ئۈچەي ئىكەنمەن. دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىندىم. كۆزۈمنى ئاچسام كېسەل كارۋىتىدا يېتىپتىمەن. كىمدۇر بىرسىنىڭ قېنى ئاسما ئوكۇل يىڭنىسى ئارقىلىق تومۇرلىرىمغا تاراۋېتىپتۇ.

كۆز ئالدىمدا مەرىيەمنىڭ ئورۇق، كىچىككىنە يۈزى، چېكىتتەك قاپ - قارا، ھەرىكەتچان كۆزلىرى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كاللامغا تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدىكىدەك «بۇنىڭ كۆزى چاشقاننىڭ كۆزىگە ئەجەبمۇ ئوخشايدىكىنە» دېگەن غەلىتە خىيال كەلدى. كۈلمەكچى بولۇۋېدىم، بىر يەرلىرىم تارتىشقاندەك، يىڭنە سانچىلىۋاتقاندەك بولۇپ كۈلەلمىدىم، پەقەتلا لەۋلىرىمنى سەل - پەل قىمىرلىتالىدىم.

— قانداقراق؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسەن؟ دوختۇرلار ئوپېراتسىيە بەك ئوڭۇشلۇق بولدى، دەل ۋاقتىدا ئېلىپ كەپسىلەر، دەيدۇ ... ھە راست، ماۋۇ قان كىمنىڭ، دەپ باقە قېنى؟ ئەكبەركامىنىڭ! سېنىڭ قېنىڭ AB ئىكەن، دوختۇرخانىدا مۇنداق قان يوق ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ئەكبەركامىنىڭ قېنى O ئىكەن دېگىنە ...

ئۇ ماڭا قوشۇق بىلەن قايناقسۇ ئىچكۈزۈۋېتىپ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېدىكىن، ھېچقايسىسىنى ئاڭلىمىدىم. قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە «كىمنىڭ قېنى، بىلەمسەن؟ ئەكبەركامىنىڭ!» دېگەن سۆزلەر ۋاڭىلداپ تەكرارلىناتتى. بېشىم قېيىپ خىيال بىلەن چۈشنىڭ ئارىلىقىدا يەنە يىراققا ئۆتكەن كۈنلەرگە كەتتىم.

... تۆت تېمىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قاپقاراڭغۇ، ئىسلاش ئاشخانىنىڭ بىر بۇرجىكىدە، سۇپىغا سېلىنغان يىرتىق كۆرپە ئۈستىدە ئورۇقلۇقتىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان 12 — 13 ياشلاردىكى قىزبالا ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتاتتى. ئۇ، ئەتراپقا ئەلەڭ - سەلەڭ قاراپ، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ «سۇ ... سۇ ...» دەپ ئىڭرايتتى. ئەمما تۆردىكى ئۆيدە، مەشنىڭ يېنىدا ئىسسىق چاي ئىچىپ ئولتۇرغان دادىسىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆپ ياش ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىغا پەرۋا قىلىشمايتتى. قىز بالا تىرەجەپ قوپۇپ، پەگادىكى سوغۇق سۇ قاچىلانغان كۈپكە قاراپ ئۆمىلەيتتى،

www.uyghurkitap.com

ئۆمىلەيتتى ... گويا كۆپ ئۆزىمىزدىن قېچىپ كېتىۋاتقاندەك، ھېچ يېتىپ بارالمايتتى ...

* * * *

كۆزلىرىم ئىشىكتە. شۇنداقتىمۇ سىرتتىكى ھەر بىر تىۋىشتىن چۆچۈيمەن. كىمنىدۇر كۈتىمەن، لېكىن يۈرىكىمدە قورقۇنچ، تىترەك ... مەريەم بىلەن ساھىبجامال ئۆزۈۋېلىشىپ ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. مەن ئۇلارغا نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمنى بىلمەيمەن. مۇدىر، زاپخوز، ساۋۇت مۇئەللىملەر ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلدى. پەرۇخ گەرچە ماڭا بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، چىرايىدىكى ئوڭايسىزلىنىشنى، خىجىللىقنى كۆرۈپ ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىم. ھەر قېتىم ئۇلار كەلسە خۇشاللىقتىن كىچىك بالىدەكلا بولۇپ كېتىمەن. كېتىشى بىلەنلا يەنە بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك پەرىشانلىق، ئىزتىراپ ئىچىگە چۈشۈپ قالىمەن. ئاخىرى ئوقۇپ يادا بولۇپ كەتكەن كىتابىتىن بىرنى قولۇمغا ئالىمەن - دە، تەكرار ئوقۇشقا باشلايمەن. ئوقۇ - ئوقۇ كۆزلىرىم يۇمۇلىدۇ. ئىللىق، خۇشپۇراق بوشلۇقتا بېشىمچە چۆكۈپ كەتكەندەك بولىمەن.

ئۇشتۇمتۇت ئۆيغىنىپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى (ئەگەر چۈشۈم بولسا) ئۈچۈن نەپىسىمنى ئىچىمگە تارتىپ، كىرپىكلىرىمنى قىمىرلاتماي ياتتىم.

ئۇ ... ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇرۇپ تىزىدىكى ئىمتىھان قەغەزلىرىنى كۆرۈۋاتىدۇ. شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىپتۇكى ... قوشۇمىسى سەل تۈرۈلگەن، تۈرۈپلا لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلايدۇ، قەغەزلەرنىڭ يېنىكىنە شىرىقلىشىغا ئەگىشىپ چىرايىدا كاھ قانائەت، خۇشاللىق پارقىراپ قالسا، كاھ ئەپسۇسلۇق ئاچچىق سايە تاشلاپ ئۆتىدۇ. چىرايى تاتىرىپ، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇنۇپ قاپتۇ. چېكىسىدىكى ئاق چاچلىرىمۇ كۆپىيىپ قالغاندەك ...

مەن ئۇنىڭغا نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەرمەن، نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەرمەن؟ ئەشۇ خىيال بىلەن تەڭلا يەنە ئۆپكەم ئۆرۈلدى. يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن (مەن ئەزەلدىن يىغلاڭغۇ ئەمەس ئىدىم) لەۋلىرىمنى مەھكەم چىشلىۋالدىم. شۇنداقتىمۇ قىسقا بىر ئۆكسۈش بوغۇزۇمدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. ئورنىدىن قوپۇپ يېنىمغا كەلدى. چىرايى تەشۋىشلىك ئىدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، چۈشۈمدە ...

ئۇ قايتىپ ئولتۇرغان چېغىدا چىرايىدا بايىقى كۆيۈمچانلىق، تەشۋىش ئالامەتلىرىدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى. خۇددى تۇنجى كۆرۈشكەن كىشىدەك سوغۇق، پەرۋاسىز بىر ئاھاڭدا، كېسەللىك ئەھۋالىمنى سورىدى. رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئانچە - مۇنچە تەسەللىي بەردى. ئاخىرىدا، ئىمتىھانلار تۈگىسىلا ئوقۇتقۇچىلار بىرلىكتە مەريەمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇشۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ، ئىككى يېرىم ئايلىق تەتىلنى ياتاقتا قانداق ئۆتكۈزىدۇ - ئۇ؟

تەتىل دېگەن سۆز يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ سانچىلدى. مەريەم كېتىدىكەن، ساھىبجامالمۇ شەھەرگە ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ. ئۇمۇ كېتىدۇ. خوتۇنىنىڭ، باللىرىنىڭ يېنىغا، ئۆزىگە تەۋە بولغان تۇرمۇش قوينىغا... پەقەت

مەنلا قالىمەن، ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنىڭ، بەخت - تەلىيىنىڭ سىرتىدا. مېنىڭ يولۇمغا قارايدىغان، غېمىمنى يەيدىغان ھېچكىم يوق...

— ھە راست، تەتىلدە قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

ئۇ، كۆڭلۈمدىكىنى سەزگەندەك ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— قانداق قىلاتتىم، ياتاق باقىمەن شۇ. ئىلگىرى پېتىشمايتتۇق، ئەندى ئوكچە قالىدىكەن، راسا يايرىۋالارمەن...

كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتىم. ئەمما ئۇ شۇنداق بىچارىلەرچە كۈلۈمسىرەش بولۇپ چىقتىكى، نومۇس قىلغىنىمدىن گەجگەمدىن غۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى. ئىچىمدە ئۆز - ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلەتتى.

— مۇنداق قىلايلى، تولۇق ساقايغىچە شەھەردە بىزنىڭكىدە تۇرۇڭ. ئۆيلىرىمىز كەڭ تاشا، ئايالىممۇ ئۇنچە يامان ئايال- لاردىن ئەمەس. سىز مۇنداق... يالغۇز ئولتۇرۇۋەرمەي، تەڭتۇشلىرىڭىز، ياشلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىڭ...

— ياق...

بىر تۇتام چېچىم يەنە كۆزۈمگە چۈشۈۋالدى. تەرسالىق بىلەن بېشىمنى كەينىمگە سىلكىدىم. ئۇيەنە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى:

— سىززە... ئەممىسە... بولدىلا، ئاۋۋال دوختۇرخانىدىن چىقىڭ...

ئۇ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، كېيىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋېتىپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نېمە دېمەكچى ئىدىكىن، دەپ ئۇزاق ئويلاندىم.

دوختۇرخانىدىنمۇ چىقتىم. كۆپچىلىك ماڭا بىرەر - ئىككى ئاي يەتكۈدەك ئۇن - گۈرۈچ، ماي، ئوتۇن - كۆمۈر دېگەندەك نەرسىلەرنى تەقلەپ بېرىپ، بىردىن - ئىككىدىن تاراپ كېتىشتى. ئۆزۈم يالغۇز ياتاق ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ چۆلدەرەپ قالغان قورۇغا، قۇلۇپلاقلىق ئۆيلەرگە قاراپ كۆڭلۈم ئېيتقۇسىز يېرىم بولدى. ئەگەر مۇئەللىممۇ جەمەدە كېتىپتۇ. ھەر قانچە بولسىمۇ، مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق بولسىمۇ، خۇش دەپ قويغان بولسا ئىسسىنىۋالارمىدىم، دەپ كېتەتتىم. قولۇمدىكى تاياقتا يەرنى چىجاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئايالىنى، باللىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. زاپخوزنىڭ سېمىز، قاچانلا قارىسا پوتلىسى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كىچىك ئوغلى ئالدىمغا كېلىپ بىر دەم ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى. مەندىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇمۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، مېنى دوراپ يەرنى چىجاشقا باشلىدى. ئىككىمىز يەرنى چىجاشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىپتۇقكى، ئۇزۇن بىر سايە سىزىۋاتقان رەسىمىمنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندىلا چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.

ئەكبەر مۇئەللىم ئىككىمىزنىڭ سىزغانلىرىغا ئېگىشىپ قاراۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يەردىكى رەسىمنى تونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، سىزغانلىرىمنى قوللىرىم بىلەنلا ئۆچەردىم. سەل نېرىدا يەنە بىر ياش ئادەم بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئۇلاغ بازىرىدىكى خېرىداردەك ماڭا باش - تىن - ئاخىرغىچە سەپ سېلىپ چىقتى. مەن ئۇلارنى ياتاققا تەكلىپ قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ پايپاقسىز پاچاقلىرىغا سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بۇ ھەرگىزمۇ شەھۋانىيلىق چېقىپ تۇرىدىغان قاراش ئەمەس، بەلكى ئالماقچى بولغان ئۇلاغىنىڭ پاچاقلىرىنى تۇتۇپ، ئۇرۇپ باققاندىكىگە ئوخشاش بىر خىل قاراش ئىدى. ئۇ ياتاققا،

www.uyghurkitab.com

ساندۇق، چامىدان، ئورۇن - كۆرپىلەرگە، تامدىكى سۈرەتلەرگىمۇ ئەنە شۇنداق سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئارقىدىن بۇ كۆزلەر يەنە مېنىڭ يۈزۈمگە يۆتكەلدى ۋە ئۇزاققىچە قوزغالمىدى. نېمىشكىدۇر ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن يۈزۈمگە يېپىشقاق، ھايىلاش بىر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئەشۇ يېپىشقاق سۈيۈقلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئورۇن يەڭگۈشلەپمۇ باقتىم، ئەمما قۇتۇلالمىدىم. يۈرىكىمدە ئۇنسىز غەزەپ ياناتتى. ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتىم، ھەتتا بەزىلىرىنى جاۋابسىز قالدۇراتتىم ... ئۇلار ئاخىرى قوزغىلىشتى. خېرىدار سۈپەت يىگىتنىڭ تاشتەك قاتقان چىرايىدىن ھەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى.

كەيپىم شۇنچىلىك ياماىنكى ... ئەكبەر مۇئەللىمنى چايناپ پۇركۈۋەتسەم دەيمەن. ئەمما ئۇ ئۆزى يالغۇز خوشلاشقىلى كىرگەندە ئاچچىقىم تۇزغاقتەك تۇزۇپلا كەتتى. ئۇ خىجالەتچىلىك ئارىلاش بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى، دېگەنلىرىنىڭ بىرىنى ئاڭقىرالمىدىم. خوشمۇ دېيەلمىدىم، قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ چىقىپ كەتتى. دۇنيا يەنە ھۆۋۈلداپ قالدى. ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئاپتاپلىق قاقاس ھويلا كۆرۈنەتتى. ئىشىك تۈۋىدە ھېلىقى سېمىز بالا بۇرنىنى ئېقىتقىنىچە، بىر بارمىقىنى شوراپ قاراپ تۇراتتى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە ھازىرغا قەدەر ئۆز - ئۆزۈمگە ئىقرار بولماي كەلگەن بىر ھەقىقەتكە — ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئاشىق ئىكەنلىكىمگە تەن بەردىم. ئۇمىدسىز مۇھەببەت گويا بىر ئاغرىقتەك ۋۇجۇدۇمنى چىرماپ ھالىمنى قويمىدى. «قانداق قىلىمەن؟ بۇ دەردتىن قانداق قۇتۇلىمەن؟» دەپ تەكرارلايتتىم. كۆز ياشلىرىم توختىماي قۇيۇلاتتى. كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ قولاپلىغىق ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ماڭا شۇ قەدەر تونۇش بولۇپ كەتكەن ھەر خىل قىياپەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، كېچىلىرى ئۇنى چۈشەيتتىم. كېلىمدىن غىزا ئۆتمەيتتى. بىر كۈنى ئەينەكتىن ئۆزۈمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. چاچلىرىم چۇۋۇق، چىرايىم زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كۆزلىرىم ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ... بۇ مەنمۇ-ھە؟ دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە. مۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنى خىيالدىن چالغىتىشقا تىرىشتىم. كىچىككىمدىن رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇ كۈنلەردە يەنە شۇنى تېپىۋالدىم. زاپخوزنىڭ كىچىك ئوغلىنى ھەر خىل ھالەتتە تۇرغۇزۇپ 5 — 6 پارچە سىزدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا: بۇرنۇڭنى ئېرتىپ يۈر، دەيتتىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ ياتقىمغا كىرىشتىن بۇرۇن بۇرنىنى يېڭىگە سۈرتىۋېتىدىغان بولدى. مەن ئاخىرى قول ياغلىقىمنى ئۇنىڭ چاپىنىغا تىكىپ قويۇپ ئارام تاپتىم. ئۇ ماڭا بىنادىن سۇ ئەكېلىپ بېرەتتى. بەزىدە يېنىمدا ئولتۇرۇپ دوراپ بىر نېمىلەرنى سىزىپ كېتەتتى. بىر كۈنى سېمىز خوتۇن بالىسىنى ئىزدەپ كىرىپ، ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ۋاي جېنىم ساقام، ئەقلىڭدىن ئايلىنىپ كېتەي، مۇشتەكتۇرۇپ مۇشۇ نەرسىلەرنى سەن سىزدىڭمۇ؟ — دەيتتى بالىسىنى يالاپ، — كۆردىڭىزمۇ سىڭلىم، مېنىڭ بۇ بالام زادى ئەقىللىق.

باشقىلىرىنىڭمۇ دۆت ئەمەس. لېكىن مۇشۇنىڭدەك چوڭ بولغاندا قانداق كاتتا ئادەم بولاركىن دەپ كېتىمەن... ھە راست، سىز يېڭىلا كېسەلدىن قوپقان ئادەم، بىرەر نەرسە لازىم بولسا بىزگە ھايت دەۋېتىڭ جۇمۇ، بازاردا ئىش - كۈشىڭىز بولسا بىزنىڭ بالىلارنى بۇيرۇۋېرىڭ....

مەن ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. يالغۇزلۇق دەردىدىن ساراڭ بولاي دەپ قالغان بۇ كۈنلەردە مۇنچىلىك سۆزلەر بەكمۇ قىممەتلىك تۇيۇلىدىكەن كىشىگە.

يازنىڭ ئۇزۇن كۈندۈزلىرى بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. كۈنلەرنى سانىغانچە دەرت-ھەسرىتىم كۆپىيىپ باراتتى، تۈرلۈك زىددىيەتلىك خىياللار قايىنمىدا تۇنجۇقۇپ قالاتتىم. ئاقىۋېتىم نېمە بولار؟ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاق قارىشى ئالدىدا مەن يۈزۈمگە لەنەت تامغىسى بېسىلغان گۇناھكار ھېسابلىنىمەن. ئەشۇ لەنەت تامغىسى ئۆمۈرۋايەت پېشانەمدىن كەتمەيدۇ. يىگىتلەر ماڭا نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ. مەن پەقەت ئۆزۈمگە ئوخشاش «داردىن ئېشىپ قالغان» بىرەرسىگە ياكى بىرەر بوۋايغا تېگەلەيمەن. ئەمما ھەقىقىي مۇھەببەت سوتى ئالدىدا مەن بىر قەھرىمانغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى شۇنچە قىممەتلىك مۇھەببەتنى تۇنجۇقتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ قىستا، قايتىلانماس ھاياتىنى مۇھەببەتسىز، قاراڭغۇ دوزاققا ئايلاندۇرۇشى كېرەك؟ تاشنى تاياققا تاڭىدىغان، ئەمما بىر - بىرىنى جان - دىلى بىلەن سۆيىدىغان، بىر - بىرىسىز ياشىيالمايدىغان يۈرەكلەرنى ئايرىۋېتىدىغان ئۇنداق ئەخلاق قاراشلىرى نەقەدەر بىمەنە-ھە!

بىر كۈنى شەھەرگە كىردىم. ئۇنىڭ ئايالى ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىنى ئىزدەپ تېپىپ، يوقلاپ بىر باھانە بىلەن دوختۇرغا كۆرۈندۈم، كېيىن دوختۇرخانا ئەتراپىدا ئۇزاق ئايلىنىپ يۈردۈم. يوللاردا بوي ئۇرقى ياكى چىرايى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ قالسام، يۈرىكىم سېلىپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمايتتى، ئەگەر ئۇنى راستىنلا ئۇچرىتىپ قالسام، ھوشۇمدىن كېتىپ قالارمەنمىكىن، دەپ قورقاتتىم. كەچكىچە بوران ئۇچۇرتقان غازاڭدەك تېنتىرەپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرقى ئاپتوبۇزغا ئاران ئۈلگۈردۈم. قەلبىمدە چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەت، بوشلۇق ... ياتاقتا بېرىپىلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. كىيىملىرىمنىمۇ سالماي، چىراقنىمۇ ياقماي ياتتىم. تەڭ كېچىدە ئىچىمنىڭ قاتتىق سىقىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. تاماقلىرىم قۇرۇپ، مۇزدەك بىر نەرسە ئىچكۈم كېلىپ تۇراتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى يوغان ئېچىپ كېچىنىڭ سالقىن شامىلىغا ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇردۇم. كۆزۈم بىردىنلا چەتتىكى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن سىرغىپ تۇرغان سۇس يورۇقلۇققا چۈشتى. ئاھ، خۇدا، ئۇ كەپتۇ - دە!

ئۆزۈمنى ئەشۇ ئىشىككە ئېتىلىشتىن ئاران تۇتۇپ قالدىم. كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم، ئىشىك چۈشكىچە ئېچىلمىدى، ئۆي ئىچىدىن بىرەر شەپىمۇ كەلمەيتتى. بىردىنلا ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئىشىك مەڭگۈ ئېچىلمايدىغاندەك، ئۇنىڭ ئىچىدە قانداقتۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بېرىۋاتقاندەك... ھېچنېمىگە قارىماي ئىشىكنى ئىتتەردىم. ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى. شۇ ھامان بۇرنۇمغا

كۆپۈلدەپ هاراق پۇرىقى ئۇرۇلدى. بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا بىرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەي قالدىم، چىرايى سارغايغان، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئادەم راستىنلا شۇمىدۇ؟

ئىشىك - دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ياتاقنى هاۋالاندۇردۇم. ياتىقىمدىن بىر ئىستاكان قايناقسۇ ئېلىپ چىقىپ باش تەرىپىگە قويۇپ قويدۇم. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتسام ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز هەر قاچانقىدەك ۋۇجۇدۇمنى تىترەتتى.

— رىسالەتمۇ؟ توختاڭ، گەپ بار ... ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ.

مەن كىچىك بالىدەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئورۇندۇققا بېرىپ تۈپ - تۈز ئولتۇردۇم.

— سىز بىلمەيسىز رىسالەت، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناهكار. مەن ياخشى ئادەم ئەمەس ... بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ، مېنى ئەكبەر ئاكا دېمەڭ... بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن كېتىڭ، يۇرتىڭىزغا يۆتكىلىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقمىدۇم. سىز نېمىشقا گۇناهكار بولغىدەكسىز، مەن نېمىشقا يۆتكىلىپ كېتىدىكەنمەن؟

— راستىنلا ئۇقمىدىڭىزمۇ؟

— ئۇقمىدۇم.

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلاڭ. مەن... ئىككىمىزنىڭ داۋاملىق بىر يەردە ئىشلىشىنى ئەپسىز بىلىپ... چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئەپسىز بىلىپ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئارقىلىق سىزگە شەھەر ئىچىدىن ئورۇن ئۇقۇشقان ئىدىم. ئالدىنقى كۈنى مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر مەندىن سىزنى سۈرۈشتۈردى. خەۋەر قىلىپ قويساڭ، كېلىپ يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋالسا، دېدى. مېنى نېمە دېدىڭ دېمەمسىز؟ رىسالەتنىڭ يۆتكەلگۈسى يوقكەن، مەكتەپمۇ ئۇنى قويۇپ بەرمەيدىكەن، دېدىم. ها، ها، ها... ئۇقتىڭىزمۇ. شۇنداق دەپ سىزنىڭ... سىزنىڭ يولىڭىزنى توستۇم. قانداق؟ مەن قالتىس ئالىيجاناب ئادەممىكەنمەن؟ ئەمدى سىز مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈرۈڭ، بولسا كاچىتىمغا ئاغرىغۇدەك ئىككىنى سېلىڭ-دە، چىقىپ كېتىڭ، ئىككىنچى يۈزۈمگە قارىماڭ!

— ئەگەر مەن سىزگە رەھمەت ئېيتسامچۇ؟

— نېمە؟ رەھمەت...؟

— ھەئە، سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. مېنىڭ راستىنلا يۆتكەلگىم يوقتى. مۇشۇ مەكتەپتىن ھېچنەگە بارمايتتىم.

— نېمىشقا؟... تەنە گەپ قىلماڭ...

— نېمىشلىكىنى سىزمۇ بىلمەمسىز؟

— ياق، ياق، بۇنداق دېمەڭ... مەن راستىمنى ئېيتاي، مېنىڭ سىزنى پەرۇختىن قاچۇرۇشىمدىمۇ، كۆتۈپخانا ئىشىغا تارتىشىمدىمۇ يامان نىيەت بار ئىدى. مەن سىزنى قانداق قىلىپ ئۆزۈمگە قارىتىۋېلىشنى ئويلاپ... قىسقىسى، مەندىن يىرگىنىڭ، يولىڭىزنى تېپىۋېلىڭ. مەن سىزگە پەقەت بەختسىزلىكلا ئېلىپ كېلىمەن... مۇنداق قىلايلى، ئەتىلا شەھەرگە كىرىڭ. مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرنى تېپىپ، ئەكبەر مۇئەللىم خاتا ئاڭلاپ قاپتۇ، مەن راستىنلا يۆتكەلەتتىم، دەڭ. بەلكىم بۇ ئارىلىقتا باشقا بىرەرسىنى ئالماشتۇرۇپمۇ بولماس.

— يالغان، يالغان! مەن ئىشەنمەيمەن... زار-زار يىغلىغىنىمچە ئالدىغا بېرىپ يۈكۈندۈم؛

— سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇڭ. مەن بۇ يەردىن ھېچنەگە

كەتمەيمەن. بېشىمنى ئالسىمۇ كەتمەيمەن. ئەجەبا سىز تېخىچە مېنى چۈشەنمەمسىز؟ مېنى... گۈدەكلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ ئۇنداقتا... ئۇنداقتا ماڭا بۇ ھاياتىنىڭ نېمە كېرىكى!

ئۇ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قاراپ قالدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭمۇ ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى، بۇ چىرايدىن چىقىپ تۇرغان مۇھەببەت، ھىجران ۋە روھىي ئېلىشىشلارنىڭ كۈچلۈك ئازابىنى كۆردۈم.

ئۇ ماڭا قارايتتى، مەن ئۇنىڭغا...

شۇ تاپتا دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ گۈزەل مەزمۇنلۇق سۆزلەرمۇ كۆزلىرىمىزدە ئەكس ئەتكەن مەنىلەر ئالدىدا چېكىنىپ قالغان بولاتتى...

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولدى. چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. كۆزلىرىدە مۇزدەك بىر نېمە يالتىراپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تىترەۋاتقان بارماقلىرى بىلەن تاماكا يۆگىدى. تاماكا ئىسىنى پۇرقىرىتىپ پۈۋلەپ تۇرۇپ:

— گېپىمنى ئاڭلاڭ رىسالەت، بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالايلى... مەن سىزنىڭ لايىقىڭىز ئەمەس، سىزنى... ئىگىلىۋېلىشقا مېنىڭ ھەققىم يوق، كېيىنلىكىنى ئويلىغاندا... — دەپ جىم بولۇپ قالدى.

مەنمۇ سەكرەپ قوپۇپ كەتتىم.

— توغرا ئېيتىسىز، مەنمۇ سىزگە چاپلىشىۋېلىپ، سىزنى چىرايلىق ئايالىڭىزدىن، باللىرىڭىزدىن ئايرىۋەتمەسلىكىم كېرەك. خەير، سىزمۇ مېنىڭدىن نەپرەتلىنىڭ، مېنى ئۇنتۇڭ!

ئىشىكنى جالاقىدە يېپىۋېتىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم. مېنىڭ ئۇچقۇن مۇھەببەت، بەخت ئاخىرلاشقان ئىدى. مەن شۇنچە زور ئازاب، بەختسىزلىكنى كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك كۈچنى نەدىن تاپارمەن؟ ياۋروپالىقلارنىڭ چىركاۋلىرىدىكى راھىبەلەرنى ئويلىدىم. بىزدىمۇ تەركىي دۇنيا بولغانلار پاناھلىنىدىغان، پاكلىنىدىغان شۇنداق بىر ماكان بولسا ھە...

ئىشىك قاتتىق يېپىلغان، زەنجىرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ قايتىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ قەدەم تەۋشى... بارغانسېرى يېقىنلاپ توختىدى، ئاخىرى يەنە يىراقلاپ يوق بولۇپ كەتتى. يۈگۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە بارغىنىمدا ئۇ ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئارقىسىدىن ئاپتوبۇس بېكىتىگە چىقماقچى بولدۇمۇ، چىقالمىدىم. قەدەملىرىم شۇنچە ئېغىر. تومۇز ئىسسىقتا دىرىلدەپ تىترەۋاتاتتىم، چىشلىرىم بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ كاسىلدايتتى. يوتقاندا ئورۇنۇپ يېتىپ خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىمنى سەزدىم.

يېرىم كېچىدە ھوشۇمغا كەلسەم ياتاقتا پىلىلداپ شام يېنىپ تۇرىدۇ (بىزنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق توك توختاپ قالىدۇ). تامنى بىر ئالغان غايەت زور كۆلەڭگە شام يورۇقىنىڭ تەۋرىنىشىگە ئەگىشىپ تىترەۋاتىدۇ. كىمدۇر بىرى پىشانەمگە مۇزدەك بىر نەرسە قويدى. كۆزلىرىم بىلەن ئۇنى ئىزدىدىم. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ئېگىشتى. يەنە شۇ قەدىردان، ئىللىق چىراي، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئاۋاز. ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە، كۆزلىرىم تالغىچە قاراپ تۇردۇم.

— كەتمەپسىز... — دېدىم زەئىپ ئاۋازدا.

— قانداقمۇ كېتەلەي، سىزدىن ئەنسىرىدىم...

— نېمىشقا ئەنسىرەيسىز؟ ئەمدى بەربىر ئەمەسمۇ...

— سىز... سىز مېنى راستىنلا شۇنداق... ئويلامسىز؟ مېنىڭ نەقەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى... سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنىڭ نەقەدەر قىيىنغا چۈشۈۋاتقانلىقىمنى قىلچە سەزمىدىڭىزمۇ؟ سىز ماڭا ئۇنچۇۋالا رەھىمسىزلىك قىلماڭ.

— رەھىمسىزلىك قىلىۋاتقان مەن ئەمەس...

— قانداق قىلاي؟ نېمە قىل دەيسىز؟ سىزلا خۇشال بولىدىغان ئىش بولسا جېنىمنى تىكەي، ئېيتىڭا ماڭا...

چاچلىرىمنى، پىشانەمنى سىلاۋاتقان قوللىرى، ئاۋازى تىترەيتتى. مەن ئۇنىڭ يوغان قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى توسۇپ تۇرۇپ پىچىرلىدىم:

— مېنى قوغلىماڭ... سىزنى كۆرۈپ تۇرسام بولدى، مەن سىزدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن.

ئۇنىڭ نەپەسى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. مەن قىزىۋاتامدىمەن ياكى ئۇمۇ؟ ئۇنىڭ ئوتتەك لەۋلىرى لەۋلىرىمنى، پىشانەمنى، كۆزلىرىمنى، بويۇنلىرىمنى كۆيدۈرەتتى...

بىر ھەپتىنى بەختنىڭ مەستخۇشلۇقى ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم.

كېچىلىرى تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا مۇشۇ پېتى ئويقۇغا كىتىپ مەڭگۈ ئويغانمىسام، ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدىغان جۇدالىق ۋە ھەممە قايغۇ-ئەلەملەرنى كۆرمىسەم قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

مەن ھەقىقىي مۇھەببەتكە — روھ بىلەن تەننىڭ كەمكۈتىسىز قوشۇلۇشىدەك دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ساندىكى تەلەيلىك كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان بەختكە ئېرىشكەن ئىدىم. ئۆزۈمنى بىردىنلا چوڭ بولۇپ كەتكەن-دەك، مۇھەببەتتە ئۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەمكىن ئاياللاردەك سېزەتتىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە بېرىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا ھەققىم يوقلۇقىنى بىلەتتىم. ھەر قانچە چىدىسام-مۇ غىڭ قىلالمىدىم. ئىختىيارىمىزدىكى ئاخىرقى بىر كۈن ئىككىلىمىزگە شۇ قەدەر قىممەتلىك تۇيۇلدى. خۇددى ئەبەدىي ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندەك بىر-بىرىمىزگە قىيالمايتتۇق. ھەسرەت ئىچىدە بىر-بىرىمىزگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قارىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق.

كەچتە ئارقا تەرەپتىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پاكار تامدىن ئۆتۈپ يىراقلارغا تۇتۇشۇپ كەتكەن يېزا يولىغا چۈشتۇق.

خۇددى مەنزىلىنىڭ قەيەرلىكىنى، ئەتىسىنى، ھېچنەرسىنى ئويلىمايدىغان، بارغانسىلا يېرىدە يەرنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ياتىدىغان جاھانكەشتىلەردەك ئۇزاق ماڭدۇق. ئەتراپ پايانسىز دالا، ئېگىز-پەس تۆپىلىك. يىراقتىن ئاندا-ساندا دەرەخلىكلەر، يالغۇز-يېرىم ئۆيلەر كۆرۈنۈپ قالىدۇ. غۇر-غۇر دالا شامىلى ۋۇجۇدىمىزنى سىلاپ، چاچلىرىمىزنى ئۇچۇرتىدۇ. ئۇ ماڭا پات-پات بۇرۇلۇپ قارايتتى.

— سېنىڭ راستىنلا ماڭا تەئەللۇق بولغانلىقىڭغا، مۇشۇنچىۋالا بەختكە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈممىكىن، بىر كۈنى ئويغىنىپ كېتىپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن، — دەيتتى.

— ئېيتىڭا، مېنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟ مەن سەتلا بىر قىز تۇرسام، مىجەزىممۇ يامان تۇرسا، كۆزىڭىز يوق ئوخشايدۇ، — دەيتتىم.

— مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر تەشنا بولغان، كۈتكەن چىن مۇھەببەتكە سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن ئېرىشتىم. 45 ياشقا كىرگىنىمدە ھاياتىمنىڭ ئەھمىيىتىنى يېڭىۋاشتىن چۈشەنگەندەك، 25 ياشلىق يىگىت ۋاقىتلىرىمغا قايتقاندەك بولدۇم،— دەيتتى ئۇ.

ئۇ مېنىڭمۇ 25 ياشلىق يىگىتىم، ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئاشىقىم ئىدى. 25 ياشلىق يىگىتلەرنى مەن ئۇنىڭ بىر تال چېچىغىمۇ تەڭ قىلمايتتىم.

ئىككىمىز قوغلىشاتتۇق. قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈشەتتۇق. يول بويلىرىدىن، تۆپىلىكلەردىن ئۇششاق قىزىل، سېرىق ياۋا گۈللەرنى تېرەتتۇق. ئۇ توختاپ قولىدىكى گۈللەرنى ماڭا بېرىپ، يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئالدى. ئالدىمىزدىن ئۇرۇلۇۋاتقان شامالغا سەل ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئەشۇ يوغان مېھرىلىك قوللىرى بىلەن شامالنى توسۇپ، بويىنىنى سەل ئېگىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى. قۇچىقىمدا گۈل، كۆزۈم ئۇنىڭدا. شامالدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، سەل قىيپاش ئېگىلىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان ئاشۇ قىياپىتىگە، ئاشۇ قىياپىتىدىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر گۈزەللىككە مەپتۇن بولۇپ قېتىپلا قاپتىمەن. قەلبىمدە سۆيگۈ يالقۇنى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن ھەسرەت يەنە بىر قېتىم لاۋۇلدىدى. يىغا گېلىمنى بوغدى.

گۈگۈم قويۇقلىشىشقا باشلىدى. زەڭگەر ئاسمان باش ئۈستىمىزگىلا يېقىنلاپ كەلدى. چاقناق يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمان بىلەن يەر ئارىلىقىدا، كۆز يەتكۈسىز قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئىچىدە مەھكەم قۇچاقلاشتۇق. ئاشۇ ئۇلۇغۋارلىق، قانداقتۇ ئۆزگىچە بىر ھېسسىياتلار قەلبىمىزنى دولقۇنلاندۇراتتى. ئۇ يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— ھاياتتا چۈشىنىشىدىغان ئادىمىڭنى تېپىش نەقەدەر قىيىن ھە... مىڭ-مىڭ ئادەملەر ئىچىدە ياشايسەن. خوتۇنۇڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ، دوست - ئاغىنىلىرىڭ ... ئۇلارغا سۈركىلىپ يۈرۈيسەن، چىرايىغا قاراپ كۈلىسەن، سۆزلىشىسەن، بىللە تاماق يەيسەن، ھاراق ئىچىسەن... ئەمما ئۆزۈڭنى گويا قاپقاراڭغۇ دالىدا يەككە-يېگانە يۈرگەندەك ھېس قىلىسەن. بۇ دۇنيادا سېنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشنى ھەم خالىمايدۇ. بىرەرسىگە ئاغزىڭنى ئاچساڭ: قانداق قىلىسەن، ھايات دېگەن شۇنداق، ئاغىنە، دەيدۇ. ھېچتەن بەرگۈڭ كەلمەيدۇيۇ، جىم بولىسەن. ئەكسىچە، شۇ تاپتاقاپ-قاراڭغۇ دالىدا يالغۇز سەن بىلەن تۇرۇپتىمەنۇ، كۆزۈمگە پۈتۈن ئالەم نۇرغا تولغاندەك كۆرۈنىدۇ. جاھاندىكى ھەممە ئادەم، ھەتتا قۇرت-قوڭغۇزلارغا قەدەر قەلبىمدە بىر خىل ئىللىق مۇھەببەت سېزىمەن...

شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ:

— ئىككىمىز توي قىلايلى، مۇنداق يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ،— دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى قوللىرىم بىلەن ئېتىۋالدىم. ئەمما ئۇ قوللىرىمنى قايرىپ ئېچىپ:

— ئايالىم ماڭا ئانچە تارتىشىپ كەتمەيدۇ، بەلكى... خۇشال بولار، مەن بۇ يولغا سېنى دەپلا ماڭماقچى ئەمەس، ئۆزۈم ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇش ياراتماقچى، مەن ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ياشىيالمايمەن، باللىرىمنىڭ كۆزىگە ئالدامچىلىق بىلەن قاراشنى خالىمايمەن،— دېدى.

— باللىرىڭىز قانداق بولار؟ مەن يېتىملىكتە

چوڭ بولغان، ئۇلارنىڭمۇ يېتىم بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

— ئويلاپ باقسام، مۇنداق كۆرۈنۈشتىكى مۇكەممەل ئائىلە ئۇلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەن. ئۇلار ئانىسى بىلەن ئىككىمىزگە قاراپ مۇھەببەت، ئائىلە دېگەنلەردىن نەقەدەر سەسكەنگەندۇ، دەيمەن... ئۇلارنىڭمۇ بالدۇرراق رېئاللىققا يۈزلەنگىنى، بىزنىڭ ئىشىمىزدىن ساۋاق ئالغىنى ياخشى، ئۇلار ھامان ئاق-قارىنى پەرق ئېتىدۇ، بەزى ئىشلارنى چوڭ بولغانچە چۈشىنىدۇ، يېتىم بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك... ئىككىمىز ئۇلارنى يېتىم قىلمايمىز، شۇنداققۇ؟

مەن ئۈنچىقمىدىم، كۆڭلۈم بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ئاسان ئەمەسلىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى. دۇنيادا نۇرغۇن ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما ئۇلار ھاياتتا بىر يۆلەنچۈككە، ھەمراھقا، باللىرىنىڭ دادىسىغا مۇھتاج. ئاشۇ ئەتىۋارسىز ئەر باشقىلار تەرىپىدىن تارتىلىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلگەندە ئۇلار ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلىشىدۇ، ئۆلسىمۇ قويۇپ بەرمەيدۇ. خوتۇن كىشى ئۈچۈن ئېرى تاشلاپ كەتكەن تۇل خوتۇن دېگەن ئاتاقتىن ئۆلۈم ياخشىراق...

ئۇ ئۇيقىغا كەتكەندە مەن چىراقنى يېقىپ ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقان ھالىتىگە ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇردۇم. سەھەردە ئۇ كەتتى. ياستۇقنىڭ ئاستىدا ھېلىلا يەڭگۈشلەپ سېلىپ قويغان كۆڭلىكى قاپتۇ. كۆڭلەكتىن ئۇنىڭ ھىدى، تاماكا پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، مەن ئۇنى كىيىۋالدىم.

زېرىكىشلىك كۈنلەر — تاماق ئېتىش، كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش، تاماق ئېتىش، كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش يەنە باشلاندى. كۆڭلۈمدە ئازاب، گۇمان، ئىككىلىنىشلەر يوق، پەقەت بەخت، تەقەززالىق ۋە تەقەززالىقلا بار. ئۇنىڭ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاپتوبۇس بېكىتىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن. ئاپتوبۇس يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا قەلبىمدە ئالەمچە خۇشاللىق، ھاياجان مەۋج ئۇرىدۇ. ئاپتوبۇس توختاپ ئۇنىڭدىن چۈشكەن بىر-ئىككى يولۇچىنى كۆرگەندىن كېيىن لەسىدە بولۇپ قالىمەن. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ باللارچە سەۋرسىزلىكىمدىن كۈلىمەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ساھىبجامال چۈشتى. بېشىدا ئاق ياغلىق، يۈگۈرۈپ كەلگەنچە بوينۇمغا ئېسىلىپ:

— ۋاي قانداق قىلارمىز ئەمدى؟ ئەكبەر مۇئەللىمدەك ياخشى ئادەمدىنمۇ ئايرىلىپتۇق. ياخشى ئادەمگە نېمىشقا كۈن يوقتۇ؟ دەپ يىغلاپ كەتسىمۇ قاراپ تۇرۇۋېرىپتىمەن. بىردەمدىن كېيىن ھوشۇمنى يىغىپ، ئۇنى سىلكىپ كېتىپتىمەن:

— نېمە دەيسىز؟ قايسى ئەكبەر مۇئەللىم؟... ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ۋاي تېخى ئۇقمىدىڭلارمۇ؟ بىزنىڭ ئەكبەر مۇئەللىمچۇ! ۋېلسىپىت بىلەن كېتىۋېتىپتىكەن، ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ. ئەتىگەنلىككە يەرلىكىدە قويماقچى...

ئۇنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتىمەن، ئارقىدىن، — ياق، ياق! مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئەمەس... — دەپ جېنىمنىڭ بېرىچە توۋلاۋېرىپتىمەن.

ئالتە ئاينى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئۆتكۈزدۈم. ئاھ، ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەر، ئۆلۈمدىن بەتتەر قورقۇنۇچلۇق چۈشلەر بىلەن تولغان كېچىلەر...

www.uyghurkitap.com

مەن ساقىيىپ چىققان كۈنلەر باھار كۈنلىرى ئىدى. ئۇ يىلى باھار بالدۇر كەلگەن ئىدى. قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن داللار ساغۇچ يېشىل كۆرۈنەتتى. ساھىبجامال ماڭا قورقۇپ - قورقۇپ قاراپ قويۇپ، پەرۇخنىڭ يېقىندا يۈتكىلىپ كەتكىنىنى، مەريەمنىڭ 3 - بالىسىغا ھامىلدار ئىكەنلىكىنى، مەكتىپىمىزگە يەنە يېڭىدىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىككى ئەر ئوقۇتقۇچى كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

يولىمىز قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى. ئۇ مېنىڭ تارتىشىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ قەبرىستانلىق تەرەپكە باشلىدى. پاكار- پاكار كونا قەبرىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ چەتكە چىقتۇق. ئۇ باشقا قەبرىلەردىن تېخى يېڭىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مېنى ساقلاپ تۇردى. كۆزلىرىم ياشقا تولغان ھالدا ئۇنىڭغا يېزىلغان «ئەكبەر ئەبەيدۇللا... يىلى ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان... 45 يېشىدا ئۇرۇمچىدە قازا قىلغان...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئوقۇدۇم. تىزلىرىم تىترەپ پۈكۈلدى، قەبرىنى مەھكەم قۇچاقلىدىم. ياشلىرىم تاراملاپ ئاقاتتى. ساھىبجامال كېلىپ مېنى يۆلىمەكچى بولغان ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن بىردەم يالغۇز قويۇشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ بىردەم تۇرۇپ بېقىپ ئاستا كېتىپ قالدى.

كەچ كىرگىچە شۇ ھالدا ئولتۇردۇم. كۆز ياشلىرىم ئېقىپ تۈگىدى، ئاۋازىم پۈتۈپ كەتتى. بىر موماي كېلىپ مېنى يۆلىدى، توپىلىرىمنى قاقتى. ئۇ، چىرايىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇق قاپلىغان، كۆزلىرىدىن ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان موماي ئىكەن.

— سەۋرى قىلىڭ جېنىم قىزىم، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن كەتكىلى بولمايدۇ. پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا، سەۋرى قىلماي ئىلاجىمىز قانچە؟ مانا مەنمۇ چىداۋاتىمەن. ئوتتۇرا قولدەك ئوغلۇم ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى. قولۇمدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئىسمى ئۈچقۇن ئىدى. ئىسمىنى شۇنداق دەپ قويمىسامىمۇ بوپتىكەن... ئۆلمىدىم، ئۆچمىدىم، ئۇنىڭدىن بېرىسى بولدۇم...

موماي يېشى قۇرۇپ تۈگىگەن كۆزلىرىنى ئاق ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. ئارقىدىن بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

— نېمىڭىز ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئېرىم ئىدى، يېڭىلا توي قىلغان... دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھەي ئېسىت، بىچارە قىزىم، مۇشتەك تۇرۇپ بۇ دەرتكە قاپسىز...

موماي چىن دىلىدىن ئىچ ئاغرىتتى. نەدىن كەلگەن ياشلار ئىكىن، يەنە بىر قېتىم تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ يىغلىدىم.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى كېلىمەن. ئايىغىم ئاستىدىن بىر چەتتىكى ئاشۇ يالغۇز قەبرىگە تارغىنە يول ئېچىلدى.

سائەتلەپ - سائەتلەپ تىزلىنىپ ئولتۇرىمەن. خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن. مومايمۇ ھەر كۈنى كېلىپ ئوغلىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ قەبرىسى ئەتراپىغا گۈل تېرىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قەبرىسى ئەتراپىغا گۈل تېرىدىم. ھەر كۈنى سۇ قۇيۇپ تۇردۇم. گۈللەر ناھايىتى تېزلا بىخ سۈرۈپ چىقتى ۋە ئۆسۈپ ئايىنىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى قەبرىستانلىقتىن قايتىپ ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە ساھىبجامال ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقتى، كۆزۈمگە ئەندىشە بىلەن قاراپ:

www.uyghurkitap.com

— ئەكبەر مۇئەللىمنىڭ ئايالى سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، قانداق قىلىسەن، كۆرۈشەمسەن؟ — دېدى. ھەئە، دەپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ئەنە ئۇ ئايال. ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭغا ئۈچ بالا تۇغۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان، ئۇنى قۇچاقلىغان...

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قانداقتۇر تونۇش بەلگىلەرنى ئىزدەپ تاپماقچى بولۇپ سىنچىلاپ قارىدىم. ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش ئايال ئىدى. ئۇنىڭ كىيىۋالغىنى مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپمۇ باقمىغان ئېسىل كىيىملەر. ئارقىسىغا ئېگىز قىلىپ تۈرۈۋالغان چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ سۈلەتلىك ھەتتا سەل سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى. چىرايلىق، ئەمما چۆرىسىدە ئىنچىكە قورۇقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان كۆزلىرىدە، تولۇق، ھېسسىياتلىق لەۋلىرىدە سوغۇق، مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش چاقناپ تۇراتتى.

— سىز رىسالەتقۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ.

— شۇنداق، مەن بولىمەن، — دېدىم.

— مەن سىزنى خېلى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم. ئۇ سىزنىڭ كېپىڭىزنى كۆپ قىلاتتى. مەن سىزنى كىچىككىنە قىز چاغلاپ، قولىڭىزدىن بۇنچىلىك ئىش كېلەر، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن... مانا ئەمدى كۆڭلىڭىز ئارامىغا چۈشكەندۇ؟ ئۇنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز. بالىلىرىمنى يېتىم قىلىپلا قالماي، ئۆزىڭىزنى بۇلغىدىڭىز...

— ئۇنىڭ بېشىغا چىققان مەن ئەمەس، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — دەل سىز!

ئۇ بىردىنلا سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، جان ئاچچىقىدا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھۇ بۇزۇق، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان شەرمەندە، پېشانەڭنى سىلاپ گەپ قىل جۇمۇ! سەن ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالمىغان بولساڭ مۇشۇ ئىشلار يۈز بېرەمتى؟ ئاشۇ قېتىم ئۇ بىر ھەپتە يوق بولۇپ كېتىپ، قايتىپ كېلىپلا «ئاجرىشىپ كېتەيلى»گە چۈشتى. يىغلىدىم، يالۋۇردۇم، قورقاتتىم، كار قىلمىدى. گەپ ئېلىپ باقسام سەن بىلەن توي قىلماقچى ئىكەن... ماقۇل دېدىم. ئىككىڭنى تۇتۇۋېلىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى، ئۇنىمۇ، سېنىمۇ خىزمەتتىن ھەيدەتمەكچى، ئاندىن كۆتەر كەشىڭنى دېمەكچى ئىدىم. شۇغىنىسى، ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ خۇددىنى يوقىتىپ قويدى. خۇشخەۋەر يەتكۈزگىلى كېچىلەپ سېنىڭ يېنىڭغا چاپتى... ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى. قانداق، ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ خۇدايىم ئىككىڭنىڭ جاجىسىنى ئاشۇنداق بەردى...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھاڭ-ۋاقىنىمچە ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭ ھاقارەتلىرى دۇنيادا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن سۆزلەردەك بىلىنەتتى. «ئاھ، خۇدا» دەپ نالە قىلاتتىم ئىچىمدە. ئۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىغا قەدەر مېنى ئويلاپتۇ، مېنىڭ يېنىمغا ئالدىراپتۇ... نېمىشكىمۇ ئىككىمىزنى يېرىم يولدا قويغانسەن؟ ئىككىمىزگە نېمىشكىمۇ مۇنچە ئادالەتسىزلىك قىلغانسەن؟ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغاندىكىن، مېنىڭ جېنىمنىمۇ ئالساڭ بولماسمىدى...

كۆزۈمدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلدى. ئايال بىردىنلا يۇمشاپ قالدى.

— ھېلىمۇ ياخشى قورسىقىڭىزدا قالماپتىكەن.

ئەگەر ئۇنداق ئىش بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتىم... ماڭا قاراڭ، سىڭلىم، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى، بۇ گەپلەرنى بىر سىز بىلىسىز، بىر مەن بىلىمەن. بەزىلەر گۇمان قىلسىمۇ پاكىتى يوق، ئاغزىنى ئاچالمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن، تۇرمۇشتا قىينالسىڭىز مېنى ئىزدەڭ. سىزگە ياردەم قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ. مەن بۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق ئاياغلاشقىنىغا خۇشال. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئۆلگىنى تازا ياخشى بولدى، ئۇ ئەمدى مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكەلمەيدۇ، سىزنىمۇ ئاۋارە قىلالمايدۇ، سىز دېگەن تېخى ياش...

ئالدىرىماي بېرىپ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن يوغان دەمنى ئالدىم. بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياردىلانغان يىرتقۇچتەك خىرىس قىلدىم:

— چىق ئۆيىدىن جادۇگەر! يوقال كۆزۈمدىن، دەرھال يوقالمىساڭ ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ ھېلى...

ئۇ مېنى ساراڭلىقى تۇتتى دەپ ئويلىدى بولغاي، قورقىنىدىن ئاپئاق تاتىرىپ، ئۆزىنى سىرتقا ئاران ئاتتى. ئۇنىڭ سومكىسىنى ئارقىسىدىن بېشىغا قارىتىپ ئاتتىم.

قەبرىستانلىقتا 16 ـ 17 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ـ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىمۇ كېلەتتى. دەسلەپتە ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئۈن-تۈنسىز قارىشىپ قوياتتۇق. بارا ـ بارا ئۇ ماڭا سالام قىلىدىغان بولدى. بەزى كۈنلىرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ ياتىقىمغىچە باراتتى. ئۇزاقتىچە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ پارىڭىنى سېلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇ ئالىي مەكتەپكە ماڭغان چېغىدا سىڭلىسىنى ـ ئەكبەر مۇئەللىمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قارا قۇمچاق قىزنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز سىڭلىمدەك، قىزىمدەكلا ئىچىكىپ كەتتىم. ئۇ تا ھازىرغىچە مېنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، تاپقان يىگىتىنى ئەڭ بۇرۇن مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كەلدى. ئىللىق چىراي، سەممىي يىگىت ئىكەن. ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلىدىم...

شۇنچە يىللارنى ماتەم ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. ھايات ماڭا ئارتۇقچە ئېغىر يۈكتەك بىلىنەتتى. غەملىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزۈمنى ئۇراتتىم. قەلبىمدە قايتىدىن ھايات، مۇھەببەت زوقى قوزغاشقا تىرىشاتتىم. ھايات مۇھەببەت بىلەن ھەقىقىي مەنەغا، گۈزەللىككە ئېرىشىدۇ، مۇھەببەت بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ، مۇھەببەتسىز ھايات ھايات ئەمەس. مەن تېخى ياش، گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىم مۇھەببەتكە، كۆيۈمچانلىققا مۇھتاج ئىدى. دەرۋەقە، ھاياجان ۋە شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلگەن، مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق چۈچۈك شەربىتىنى قايتا تېتىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. ئەمما ھېچقايسىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. بەلكىم ئاشۇ تۇنجى قېتىم گۈرۈلدەپ يېنىپ ئۆچكەن يالقۇنلۇق مۇھەببەت تەپتىدىن قەلبىمدىكى بارلىق ھەقىقىي ھېس- تۇيغۇلىرىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغاندۇ، ياكى ماڭا بۇ دۇنيادا ئۇنى ئۇنتۇلدۇرغىدەك بىرسى ئۇچرىمىغاندۇ. دېمىسىمۇ، ئادەم مۇشۇ قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئۇنداق مۇھەببەتنى نەچچە قېتىم ئۇچرىتالىشى مۇمكىن؟ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالايدىغان ئادەملەرمۇ سانسىزغۇ؟

(ئاخىرى 5- بەتتە)

# «12 مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا



سەپەر ھۈسەيىن



غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا بايلىقى— «12 مۇقام» ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەتلىك تۆھپە.

«12 مۇقام» روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ھەم ياۋروپا سىمفونىيىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ھەم ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا نۇرغۇن ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە. ياۋروپا سىمفونىيىلىرى مەلۇم كومپوزىتور تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئوپېرا ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن مۇزىكىلىق ژانىر، «12 مۇقام» بولسا ئەلنەغمە، مەشرەپ



مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن مۇزىكىلىق ژانىر. ياۋروپا سىمفونىيىلىرى كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر — رومان ياكى پوۋېست ۋەقەلىكىنى نوقۇل مۇزىكىلىق تىل ۋە مۇزىكىلىق ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىدە سيۇژېتلىق چۈشەنچە، بەدىئىي تۇيغۇ ھاسىل قىلسا، «12 مۇقام» مەلۇم شېئىرىي تېكىستنى مەلۇم ناخشا ۋە مۇزىكا بىلەن ئىپادىلەپ، كىشىدە مۇزىكىلىق تۇيغۇ ۋە شېئىرىي زوق پەيدا قىلىدۇ.

«12 مۇقام» مۇزىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ۋەقەسىزلىكى، مەجھۇللۇقى ۋە ئىرىكلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. «12 مۇقام»نىڭ ناخشا تېكىستلىرى، نەغمە، كۈيلىرى جانلىق بىرلىشىپ، ئۇ مۇقاملارنى مەلۇم شېئىرنىڭ ئاپتورى ياكى سىمفونىيە كومپوزىتورى بىلەن ياكى مەلۇم ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تارىخىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمانى بىلەن باغلاپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنى خەلق ئاممىسى بىلەن باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇقام بىلەن سىمفونىيىنىڭ ژانىر ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق پاسىل يوق. مۇقام مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوپېرالارنى، سىمفونىيىلەرنى ئىشلىگىلى بولىدۇ. مۇقاملارنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغان، بۇ خۇسۇسىيەت «12 مۇقام» مۇزىكىلىرىنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق.

ئۇيغۇر ئاھاڭ شەكىللىرىنىڭ ئاساسىي سىستېمىسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن «12 مۇقام» مۇئەييەن تېمىسىز، سيۇژېتسىز مۇزىكا بولسىمۇ، ئۇ مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە ھەر خىل ئەلنەغمىلەر، داستانلار ۋە مەشرەپلەرنىڭ قالايمىقان توپلىمى ئەمەس، ئۇلاپ چېلىنىدىغان ناخشىلار «كولۇننىسى»مۇ ئەمەس، ئەكسىچە مۇنتىزىم ئاھاڭ شەكلىگە ئىگە 12 يۈرۈشلۈك كلاسسىك مۇزىكا. ئاھاڭ شەكلىنىڭ بىر مۇقامدا بىر خىل بولۇشى «12 مۇقام»دىكى تۈپ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت.

«12 مۇقام» تەركىبىدىكى مۇقاملار چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ھالدا بىر خىل ئاھاڭ شەكلى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپلا قالماي، ھەر بىر مۇقامنىڭ باشلىنىشى، راۋاجى، ئەۋجى ۋە چۈشۈرگىسىمۇ بىر خىل ئاھاڭ شەكلى ئاساسىدا قۇرۇلغان. شۇڭا ھەر بىر مۇقام ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭ تۇيغۇسى ۋە مۇزىكىلىق پۇراقتا ئىگە.

## «12 مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى

«12 مۇقام» تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇقام سەنئەتتىكى ئۈچ ئاساسلىق ئامىلنى — ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۇنىڭ ناخشىلىرى لىرىكا، غەزەل، خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدىن تۈزۈلگەن. ھەر بىر مۇقام بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ ئاساسىي ئېقىم — لىرىكا، غەزەل ئاساسىدىكى چوڭ نەغمىلەر، ۋەقەلىك ئاساسىدىكى خەلق داستانلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارغا لەرزان، شوخ ئۇسسۇللۇق مەشرەپ مۇزىكىلىرى قوشۇلىدۇ. چوڭ نەغمە كۆپلىگەن مۇزىكىلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ: **(1) مۇقامنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى.** بۇ مۇقەددىمە (سەدەخپەر) مۇزىكا بولۇپ، لەرزان، تەسىرلىك بولىدۇ. باشلىنىش مۇزىكىسى ھەممە مۇقاملاردا بولىدۇ. ئۇ تولاراق شائىرلارنىڭ غەزەللىرى ئاساسىدا، ئون نەچچە مىسرالىق ياكى بىر يېرىم، ئىككى غەزەل بىلەن ئورۇندىلىدۇ. (2) تەزە. ئۇ چوڭ نەغمىدىكى ئاساسلىق مۇزىكا بولۇپ، تەزىسىز مۇقام بولمايدۇ. تەزىمۇ تولاراق ئون نەچچە مىسرادىن 30 مىسراغىچە بولغان ئۇلانما غەزەل بىلەن ئورۇندىلىدۇ. تەزدە مەرغۇل ۋە

مەرغۇل چۈشۈرگىسى بولىدۇ. (3) سەلىقە. ئۇ، چوڭ نەغمىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق مۇزىكا بولۇپ، بۇمۇ ھەممە مۇقاملاردا بولىدۇ. كۆپىنچە مۇقاملاردا سەلىقە، چوڭ سەلىقە ۋە كىچىك سەلىقە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چوڭ سەلىقە بىلەن كىچىك سەلىقىنىڭ مۇزىكا رىتىمىدە پەرق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ شېئىردىي ۋەزنىدىمۇ پەرق بولىدۇ. (4) تەكىت. ئۇ، چوڭ نەغمىدىكى ئاخىرقى مۇزىكا بولۇپ، ئىراق مۇقامىدىن باشقا ھەممە مۇقاملاردا ساقلىنىپ قالغان. تەكىت چوڭ نەغمىدىن داستانغا ئۆتۈشتىكى ھالقا. ئۇنىڭ مىسرا سانى قىسقا بولۇپ، مەرغۇلى يوق. چوڭ نەغمە قىسمىدا يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى «نۇسخا»، «جۇلا»، «سەنەم»، «پەشرۇ»دىن ئىبارەت تۆت ئاساسلىق مۇزىكا بولىدۇ. «چەبىيات» مۇقامىدا «مۇستەھزات» ۋە ئۇنىڭ مەرغۇلى؛ «ئۇششاق» مۇقامىدا «يايىردىم ساقى» ۋە ئۇنىڭ مەرغۇلى بار.

## مۇقام داستانلىرى

مۇقام تەركىبىدىكى داستانلار بىر قانچە بايانات، شىكايەت، نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان ئۆزۈندىلىرىدىن تەركىب تاپقان، بىزگە قەدەر «سىگاھ»، «ئىراق» مۇقاملىرىدىن باشقا ھەممە مۇقاملارنىڭ داستانلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەر بىر مۇقامدا 3 ـ 4 داستان بولىدۇ. ھەر بىر داستاننىڭ ئۆز مەرغۇلى بولىدۇ. مەرغۇل نەزمە تېكىستى بولمىغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكىدىن ئىبارەت.

مۇقام داستانلىرى ـ داستان، مەرغۇل، داستان مەرغۇلى شەكلىدە راۋاجلىنىدۇ. مۇقام داستانلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەشھۇر بولغان خەلق داستانلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، داستاندىكى شېئىردىي پارچىلار ئۆز مەزمۇنىغا قاراپ بەزىدە ئۇزۇنراق، بەزىدە قىسقاراق بولىدۇ. داستان مۇزىكىلىرى چوڭ نەغمە مۇزىكىلىرىدەك كۈچلۈك مۇزىكىلىق پۇراققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئاھاڭدارلىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبىدىن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

مەشرەپ مۇقام تەركىبىدىكى نەغمىلەرنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇ، سىگاھ مۇقامىدىن باشقا ھەممە مۇقاملاردا ساقلىنىپ قالغان. مەشرەپلەر تولاراق خەلق قوشاقلىرىدىن، قوشاق شەكلىدىكى قىسقا بوغۇملۇق نەزمىلەردىن ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلانمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەشرەپلەردە مەرغۇل بولمايدۇ. مەشرەپ مۇزىكىلىرى تولاراق ئۇسسۇلغا، ساماغا چۈشۈدىغان تېز ۋە شوخ تاكىتلىق كېلىدۇ. مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا مۇقام ئەۋجىگە چىقىدۇ. «12 مۇقام»دىكى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماق باشلىنىپ، جانلىق ئېچىلىش، قىزغىن راۋاجلىنىش، ئەۋجىگە چىقىش ۋە يېنىك چۈشۈرۈلۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇزىكىلىق تۇيغۇ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگىنى ئۈچۈن، كىشىدە زوق ۋە ھاياجان قوزغايدۇ ھەم كىشىنى قايىل قىلىپ، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

«12 مۇقام» خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس. بىز «12 مۇقام»دىكى 36 قىسىم ۋە 316 نەغمە شەكلىدىن، بۇ نەغمىلەرنىڭ مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق ۋە شېئىرىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن «12 مۇقام»نىڭ باي تارىخىي مەنبەدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز.



◀ ئەقلىيەلەر ▶

* ئۆزى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگەنگەن ئادەم باشقىلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ.

**ئى. گېيوتى**

بىرۋۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرۈشىڭ، ئۇنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى ھېس قىلىشىڭ كېرەك.

**د. ئى. پىسارېۋ**

* يېنىڭدىكى كىشىنى چۈشىنىشكە ماھىر بول، ئۇنىڭ قەلبىگە كىر. كۆزلىرىگە بېقىپ، ئىچكى ئالىمىنى، شادلىقىنى، قايغۇسىنى، بەختسىزلىكىنى، غەم - ئەلىمىنى كۆرۈشكە ماھىر بول.

* باشقا كىشىلەرنىڭ دەخلىسىزلىكى، نازۇك ئار - نومۇسىنى ئاسرا، ئايا. ئادەملەرگە يامانلىق قىلما، رەنجىتمە، دىلىنى ئاغرىتما، تەشۋىش ۋە ئەندىشىگە سالما.

**ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي**

* بىزگە تەشۋىش تۇغدۇرۇپ بېرىدىغانلارغا كۆپىنچە سېخىيلىق بىلەن قارايمىزدە، ئەمما تەشۋىشىمىزنى يېگەنلەرنىڭ قەدرىگە




يەتمەيمىز.

**ف. لاروشفۇكو**

* تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئىنسان شەخسىيىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار مەرھەمەتلىك، ئاق كۆڭۈل، خۇش مۇئامىلە ۋە كۆڭۈلچەكتۇر.

**ئا. پ. چېخوۋ**

* ئەڭ نازۇك گىياھلارمۇ تاشتەك قاتتىق يەرنى، قىيالاردىكى يېرىقلارنى يېرىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. ياخشىلىقمۇ خۇددى شۇنداق. ھېچقانداق تاغ، ھېچقانداق بازغان، ھېچقانداق قورال ئىنسان سېخىيلىقىنىڭ قۇدرىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ.

**گ. تورا**

* ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى تېنىم تاپماسلىق ۋە تەشۋىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئادەم ئەقىلسىزلىكتىن قۇتۇلغان بولىدۇ.

**ئا. ئا. بلوك**

* ھەر بىر سۇبھى تاڭنى ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئىپتىداسى دەپ بىل ۋە كۈنىنىڭ ھەر بىر پېتىشىنى ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقى دەپ بىل. شۇ كۈندىلىك قىسقا ھاياتىڭ قانداقتۇر بىر خەيرلىك ئىش بىلەن، بىرەر ئىشىڭدا غەلىبە قىلىشىڭ ياكى قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئۆگىنىشىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىشانلارسۇن.

ۋ. رېسكىن

* ئادەم تەبىئىي قىزىق يارىتىلغان. بالىلىقنى يوقاتسا خاپا بولىدۇ. ئەمما ئۆمرىنىڭ زايا بولۇۋاتقىنىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

ئابول فاراج

* ۋاقىتنى قولدىن بېرىش-ئۆز - ئۆزىنى قەتلى قىلىش بىلەن باراۋەر.

ژ. پېكك

* ئىزدىگەن ئاجايىپ نەرسىنىڭ يېنىمىزدا تۇرغانلىقىنى بىز دائىم كېچىكىپ چۈشىنىمىز.

ئا. ئا. بلوك

* بەخت قۇشى باشقا قونغاندا پايدىلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۇ قولىدىن كەتكەندە زارلانماسلىقى لازىم.

م. سېرۋانتېس

* بېشىڭغا قايغۇ چۈشكەندە، ئەتراپىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى باس. ساڭا قارىغاندا تەقدىرى ئېغىرراق كىشىلەرمۇ بار.

ئىزوپ

* ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق بولغان نەرسە نېمە؟ ئۈمىد. چۈنكى ئادەمنىڭ ھېچنەرسىسى بولمىغاندىمۇ، ئۈمىدى بولىدۇ.

فالېس

* ئىش بىزنى ئۈچ خىل ئىللەتتىن — زېرىكىش، قۇسۇر، مۇھتاجلىقتىن خالاس قىلىدۇ.

ف. ۋولتېر

* ئادەم ئۆزىنى قانداق بىلىشى مۇمكىن؟ خالىغانچە، خىيالپەرەسلىك بىلەن ئەمەس، پەقەت پائالىيەتتە بىلىشى مۇمكىن. ئۆز مەجبۇرىيىتىڭنى ئورۇندا، شۇ ھامان ئۆزۈڭنى بىلىسەن.

ئى. گيوتې

* ئۆز بۇرچىنى چىن دىلىدىن ئادا قىلغان ئادەم ئۆز خۇشاللىقى بىلەن ئۆزىنى مۇكاپاتلايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشى، ئىززەت ئىكرامى، مىننەتدارچىلىقىغىمۇ زار بولۇپ ئولتۇرمايدۇ.

ج. لابرىيوير

* ئۇتۇق كۆپىنچە دادىل ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا نېسىپ بولىدۇ، جۈرئەتسىز، ھەدەپ ئاقىۋىتىنى ئويلاۋېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى تەتۈرىگە ماڭىدۇ.

* بىزنىڭ ئاساسىي كەمچىلىكىمىز شۇكى، بىز ئىشتىن كۆرە كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىشقا بېرىلىپ كېتىمىز.

ج. نېھرۇ

* ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى پىكىرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرجىمانىدۇر.

ژ. لوكك

* ئەتە نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختسىزدۇر.

م. گوركىي

* ئەتىگەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن «نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك»، كەچقۇرۇن يېتىشتىن بۇرۇن «نېمە ئىش قىلدىم؟» دەپ سورا.

پىفاگور

* ھېچقانداق ئىشقا داغدۇغا بىلەن كىرىشمەسلىك كېرەك. تەنتەنە ئىش تاماملانغاندا يارىشىدۇ.

ئى. گيوتې

* ھەر قانداق توسقۇنلۇق قەتئىيەت بىلەن بويسۇندۇرۇلىدۇ.

لېئوناردوداۋىنچى

* سەۋر - تاقەتكە قادىر كىشى خالىغان نەرسىسىگە ئېرىشىشكىمۇ قادىر.

ب. فرانكلىن

* سەۋر ئاچچىق، لېكىن مېۋىسى تاتلىق.

ژ. ژ. روسسو

* پەقەت ئىچكى، مەنىۋى، ئارامبەخش ئەمگەك كۆچىلا ئىنسان قەددىر - قىممىتىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقىي پاكلىق ۋە بەختىيارلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ك. د. ئۇشىنسكىي

* پەقەت ئەمگەك، قەتئىي، ئەستايىدىل قىلىنغان ئەمگەكلا ئادەمگە مەنىۋى سالامەتلىك بېغىشلايدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

* بەختنىڭ ئەڭ زۆرۈر شەرتى ئەمگەكتۇر. يەنى بىرىنچىدىن، سۆيۈملۈك ۋە ئازاد ئەمگەكتۇر، ئىككىنچىدىن، ئىشتىھا ئاچىدىغان ۋە قاتتىق، قاندۇرۇپ ئۇخلىتىدىغان جىسمانىي ئەمگەكتۇر.

ل. ن. تولستوي

* ئەگەر سىز ئىشنى ئورۇنلۇق تاللاشنى بىلسىڭىز ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى، پۈتۈن قەلبىڭىزنى بەخش ئەتسىڭىز، بەخت ئاخىرى سىزنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

ك. د. ئۇشىنسكىي

* ئۆمۈرۋايەت ئۆزى سۆيگەن ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئىنساننىڭ ئالىي بەختىدۇر.

ۋ. ئى. نېمىروۋىچ - داتچېنكو

* كۆڭۈلۈك غەش بولسا ئىشلە، بۇ، غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسىدۇر. روھىي ئازابقا قالماسلىق ئۈچۈن ئىشلە. ئىشتىن باشقا ھەر قانداق نەرسە بۇ، غەمناك ئالەمدىن خالاس قىلالمايدۇ. ئاھىتىڭ كەلگەندىمۇ ئىشلەۋەر. گىدىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق دورا - دەرمەك يوق.

ئى. بېخىر

* ئۇزاق ئۆمۈرنىڭ سىرى ئەمگەكتە.

س. ن. سېرگېۋ - تسېنسكىي

* ئەمگەك - ئۆمۈر چىرىغىغا ياغ قۇيۇپ تۇرغۇچىدۇر.

ج. بېللېرىس

* ئەمگەك ئاچارچىلىقنىڭ داۋاسى، ئاشقازاننىڭ مەلھىمى، ساق - سالامەت بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر.

م. سافىر

* بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان كىشىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى دەرھال ئۆزگەرتىۋېرىدىغان ئادەمنى بىز قاملاشمىغان، پەسكەش، ھېچبىر ئىخلاسى يوق ئادەم دەپ ھېسابلايمىز.

ن. ئا. دوبروليۇبوۋ

* مەقسەت ئۇلۇغلاشقانسېرى ئادەممۇ ئۇلۇغلىشىدۇ.

ف. شېللېر

* دۈشمەنلەردىن قورقۇپ كەتمە، ناھايىتى قىلسا ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، دوستلاردىن قورقما، ناھايىتى ئۇلار ساڭا مۇناپىقلىق قىلىشى مۇمكىن. بىپەرۋا ئادەملەردىن قورق، ئۇلار ئۆلتۈرمەيدۇ، مۇناپىقلىقمۇ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدە قىلغان رەزىللىكلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىدە خائىنلىق ۋە قاتىللىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ب. ياسېنسكىي

* مەن ئۆمرۈم بويى مۇخلىسلىرىمغا قارىغاندا تەنقىدچى دوستلىرىمدىن، بولۇپمۇ مۇلايىم، دوستانە سۆزلىرى بىلەن تەنقىد بەرگەن دوستلىرىمدىن كۆپرەك پايدا ئالغانمەن.

م. گەندى

* ... ئەگەر بىز ھەتتا ئاچچىق ۋە بەكمۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېيتىق، توپتوغرا

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشتىن قورقمىساق بىز ھەممە نەرسىنى ۋە ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى ئۆگىنىۋالىمىز. ئەلۋەتتە سۆزسىز ئۆگىنىۋالىمىز.

* ئاشكارىلىنىش شۇنداق بىر تىمغىكى، ئۇ ئۆزى قىلغان جاراھەتنى ئۆزى ساقايتىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

* ياشلىقىڭدىن باشلاپ، يېقىن كىشىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشكە، ئۆز گۇناھىڭنى ئەسلا كەچۈرمەسلىككە ئۆگەن.

ئا. ۋ. سۇۋوروۋ

* ئەقىلسىز كىشىلەر ئۆز ئەقلىگە سىغمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارىلايدۇ.

ف. لاروشفۇكو

* ئادەتتە ياخشى مېۋىگە قۇرت چاپلاشقاندەك، بۆھتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە چاپلىشىدۇ.

ژ. سۋىفت

* بۆھتانغا ئەڭ ياخشى جاۋاب — سۈكۈت بىلەن ئۇنىڭغا يىرگىنىپ تۇرۇپ قاراشتۇر.

ف. ئېنگېلس

* مەدەنىيەت تارىخىنى ئالتە سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن: قانچە كۆپ بىلسەڭ، شۇنچە كۆپ نەرسىگە قادىرسەن.

ئە. ئابۇ

* ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى بويى بىلەن ئۆلچەنمىگەندەك خەلقنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىمۇ ئۇنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بىردىنبىر ئۆلچەم — ئۇنىڭ ئەقلىي كاماللىقى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكىدۇر.

ۋ. گيوگو

* مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ئادەمنى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىشتۇر.

ت. ئېدىسون

* يامان تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭ دادىللىقى قوپاللىققا ئوخشايدۇ. دانىشمەنلىكى بولسا ئۆتۈپ كەتكەن رەسمىيەتچىلىككە، گەپدانلىقى نەيرەڭۋازلىققا، ئاددىيلىقى توڭلۇققا، كۆڭۈلچەكلىكى خۇشامەتچىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ژ. لوكك

* خەلق ئۈچۈن ئاش - ناندىن قالسا، مۇھىمى مەكتەپتۇر.

ج. دانتون

* مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىنىڭ سىرى — ئوقۇغۇچىغا بولغان ھۆرمەتتە.

ر. ئېمىرسون

* تەربىيىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق — ئالدىراڭغۇلۇقتۇر.

ژ. ژ. روسسو

* ئېتىقاد نەزەرىيە يولى بىلەن سىڭدۈرۈلىدۇ، خۇلق بولسا نەمۇنە كۆرسىتىش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

* خاتىرجەم ئويلاڭ، دادىل ھەرىكەت قىلىڭ، ھەممەت بىلەن قەدەم بېسىڭ، شۇنىڭ بىلەن قەتئىيەتلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىڭ.

ك. كولتون

* دانالىقتىن تۆۋەندىكى ئۈچ پەزىلەت كېلىپ چىقىدۇ: توغرا قارارغا كېلىش، خاتاسىز سۆزلەش ۋە لازىم بولغان ئىشنى قىلىش.

دەموكرىت

* ئىنسان تەبىئىيىتىنىڭ ئىككى ئاساسىي ماتېرىيالى ئەقىل ۋە پىكىردۇر.

پىلۇتارخ

* چاقچاق كۆڭۈلنى تېگى يوق ھاڭلاردىن ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ ۋە كىشىگە دەرد -

ئەلەمنى مەنسىتمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ.

**ل. فېيېرباخ**

* قاچانلا قارىساڭ قاپىقى تۈرۈلگەن كىشىلەر مەندە دائىما شۈبھە ئويغۇتىدۇ. ئەگەر مۇغەمبەرلىك قىلالمايۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ يا ئەقلى يوق، يا قورسىقى تار.

**ئا. ئى. گېرتسېن**

* ئەخمەق پەقەت سادىر بولغان ھادىسىنىلا چۈشىنىدۇ.

**گومېر**

* ئەخمەقلىق — مۆرىمەس ۋە مەمەدانىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

**ئو. بالزاك**

* ئۇلۇغ ئادەم ئۆز زامانىسىدىن ئوزۇپ كېتىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ھەر قانداق شارائىتتا ئۆز زامانىسى بىلەن تەڭ قەدەم ئالىدۇ. ھەييار ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تەنتەك كىشى زامانىنىڭ يولىدا توغرىسىغا يېتىۋالىدۇ.

**ئە. بائۇئېرنفېلد**

* بەزى ئادەملەر، ئۆزلىرى نېمىگە قابىلىيەتسىز بولسا شۇنى ئەيىبلەشكە ئادەتلەنگەن.

**ئى. گيوتى**

* ئەخمەقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئەقىللىق ئادەملەر ئۈستىدىن كۈلۈشتۇر.

**ج. لابىريويېر**

* بىلگىنىڭكى، ئەخمەقلەرگە بېرىلىدىغان ياخشى جاۋاب — سۈكۈت.

**قابۇس**

* تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ ... تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىر ھەم كېلەچەك ئەۋلادىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە، تارىخىيلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە چىمسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاسىتىدۇر.

**ك. د. ئوشىنسكىي**

* خەلقنىڭ تىلىغا قىلىنغان ھۇجۇم ئۇنىڭ قەلبىگە قىلىنغان ھۇجۇمدۇر.

**گ. لائۇبې**

* ئۆز تىلىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىغا قاراپ، ھەر بىر كىشىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى، پۇقرالىق قەدىر - قىممىتىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

**ك. گ. پائوستوۋسكىي**

* ھەقىقىي ناتىقلىقنى كۆرەلمەيدىغان جەمئىيەتتە قۇرۇق ۋەزىخانلىق، سۆز رىياكارلىقى ياكى تېتىقسىز سەپسەتىۋازلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ناتىقلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچلىرىدىن بىرىدۇر. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق.

**ئا. پ. چېخوۋ**

* ئىلمىي ئەدەبىيات ئادەملەرنى جاھالەتتىن، گۈزەل ئەدەبىيات بولسا قوپاللىقتىن ۋە رەزىللىكتىن خالاس قىلىدۇ.

**ن. گ. چېرنىشېۋسكىي**

* سىزنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان كىتابلار ئەڭ نەپ بېرىدىغان كىتابلاردۇر.

**ت. پاركېر**

* ئاچچىقىڭىزدا ھوزۇرلىنىپ، ياپقىنىڭىزدا روھىي جەھەتتە بېيىغىنىڭىزنى ھېس قىلدۇرغان كىتابلار ياخشى كىتابدۇر.

**ئا. ئولكوتت**

* مەدەنىي تەرەققىيات دېگەن نېمە؟ بۇ ئالغا كېتىۋاتقان ئىنسان ئەقلى ھەر قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان دائىمىي كەشپىياتلاردۇر. تەرەققىيات سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**ۋ. گيوگو**

* سوئال ئالامىتى ھەر قانداق پەننىڭ ئاچـ-قۇچىدۇر.

ئو. بالزاك

* ئۇرغۇتۇلمىغان بۈيۈك ھەقىقەتلەر ئەڭ ئاۋۋال مەسخىرە قىلىنىغان.

ب. شائو

* ھەر قانداق ھەقىقەتنىڭ تەقدىرى ئاۋۋال كۇلكە بولۇپ، كېيىن تەن ئېلىش بىلەن يەكۇنلەنگەن.

ئا. شۆپېنھاۋېر

* خىيال تەسىرچان ئادەمنى سەنئەتكار، يۈرەكلىكنى قەھرىمان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئا. فرانس

* ھەقىقەت مەشئىلى كۆپىنچە ئۇنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ قولىنى كۆيدۈرىدۇ.

پ. بوئاست

* مەشھۇر ئادەم قۇۋۋەتلەپ تۇرغان خاتالىقتىنمۇ ئارتۇق يۇقۇملۇق نەرسە يوق.

ج. بيوففون

* مېنىڭ ئىز باسارلىرىم مەندىن ئېزاپ كېتىشلىرى، ماڭا قارشى چىقىشلىرى، ھەتتا ئىشلىرىمنى يوققا چىقىرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشلىرى لازىم. پەقەت مانا مۇشۇنداق ئىزچىل ئۆزگەرتىش ئىشلىرى سەۋەبىدىنلا تەرەققىيات ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئى. ۋ. مىچۇرىن

* ئۇستازنىڭ بىلىمى تۈگەپ، شاگىرتنىڭ يېڭى بىلىمى باشلانغان جايدا كەشپىيات تۇغۇلىدۇ.

ك. ئا. فىدىن

* ھەقىقىي ئالىملار بۇغداي باشاقلىرىغا ئوخشايدۇ. تېخى دېنى تولماي تۇرۇپ، لەززەتلىنىپ ئۆسىدۇ ۋە يۇقىرىغا مەغرۇر بويتارتىدۇ، ئەمما ئۇ يېتىلىپ، دانغا تولۇپ، پىشىپ يېتىلگەنسېرى، ياۋاشلىشىپ، بېشى تۆۋەن ئېگىلىدۇ.

م. مائتېن

* قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان ئادەمدەك ياۋۇز ئادەم يوق.

ۋ. ساۋونارالا

* قەيەردە قانۇن تۈگىسە، ئۇ يەردە زورلۇق باشلىنىدۇ.

ئو. پىتت

* ئىمتىياز – قانۇننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

م. ئەبنېر - ئەشېنباخ

* ئەڭ ياۋۇز زوراۋانلىق – قانۇن سايىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئادالەت بايرىقى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتۇر.

ش. مونتېسكىي

* قانۇن قىسقا بولۇشى كېرەك. ھەتتا ئۇنى ئاددىي ئاممىمۇ يادلىۋالسۇن.

سېنېكا

* ئادىل سوت – ھەممە ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ ئۇل تېشى.

پ. گولباخ

* سودىيە – سۆزلەۋاتقان قانۇن، قانۇن بولسا تىلسىز سودىيە.

تىستىسېرون

* ئادىل سوتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى – ئالدىن ئويلاپ قويۇلغان ناتوغرا مۇلاھىزىلەردۇر.

ژ. ژ. روسسو

* تېگىشلىك جازاغا تارتىلغان جىنايەتچى – باشقا مۇتىھەملەر ئۈچۈن ئىبرەت، ناھەق قارىلانغان ئادەم بولسا ھەممە ھالال ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىغا ئېتىلغان تاشتۇر.

ج. لابرىيېر

* بىگۇناھ كىشىنى جازالىغان سودىيە

www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال ئۆزىنى جازالايدۇ.

**پوبلىلىي سىر**

* غەزەپلەنگەن كىشىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

**تېمىستېرون**

* قەيەردە گەپ توشۇغۇچىلار رىغبەتلەندۈرۈلىدىكەن، شۇ يەردە گۇناھكارلار كۆپىيىپ بارىدۇ.

**ك. مالزېرىپ**

* ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلغان بىلەن ئۆزى كەلمەيدۇ، ئەركىنلىك خۇدالارنىڭ مەرھەمىتى ئەمەس. ئۇ — خەلقنىڭ شۇنداق بىر بەرزەندىكى، كۆرەش چۇقانلىرىدا، ئۆلۈم مۇشەققەتلىرىدە تۇغۇلىدۇ، قان بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن مىلتىق دورىسى ھىدى دىماققا پۇراپ تۇرىدۇ.

**ف. نورىرىس**

* قانۇن تەقىپ قىلالمىغان نەرسىلەرنى گاھىدا نومۇس تەقىپ قىلىدۇ.

**سېنېكا**

* ئادەم قانچە ئۇياتقانسېرى شۇنچىلىك ئېھتىرامغا لايىقتۇر.

**ب. شوئو**

* ئۇياتتىن قىزىرىش — ياخشىلىق زىننىتى.

**ف. بېكون**

* دىلىمىزدا ياشايدىغان قانۇن ۋىجدان دەپ ئاتىلىدۇ. ۋىجدان ئەسلىدە ئىش — ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ شۇ قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىشىدۇر.

**ئى. كانت**

* ئالىي ھۆكۈم — ۋىجدان ھۆكمىدۇر.

**ۋ. گيوگو**

* باشقىلا ئۆزىنى توغرا تونۇشنى بىلگەن ئادەم ۋىجدان ئازابىدىن خالىدۇر.

**ئابۇل فاراج**

* ۋىجدان ئازابى — قولدىن كەتكەن پەزىلەتلەرنىڭ ئەكس ساداسىدۇر.

**ئە. بوۋېر - لىتتون**

* جىنايەتچىلەردە قالغان يېگانە خىسلەت — ۋىجدان ئازابىدۇر.

**ف. ۋولتېر**

* نومۇس — بۇ تاشقى ۋىجدان، ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇس.

**ئا. شوپېنخائۇئېر**

* ئەگەر تەقدىر ئادەمگە ساخاۋەت كۆرسىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك بەختنى ئىنئام قىلماقچى بولسا، ئۇنى سادىق دوستلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

**ئى. تېلمان**

* يولداش — غېمىڭدا غەمداش، كېسەل بولغاندا شىپاكارىڭ، ئۇ، ئۆلۈم خەۋپى چاڭگال سېلىپ تۇرغاندا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغۇچى ئادەم.

**س. ئوربېلىئانى**

* سەممىي دوستلىرى بولمىغان ئادەم ھەقىقەتەنمۇ يالغۇزدۇر.

**ف. بېكون**

* ساقىيىپ كېتىشىڭنى گويا بايرام ۋاقتىدىكىدەك كۈتكۈچى دوستلىرىڭ بارلىقىنى بىلسەڭ، ھەتتا كېسەل بولۇپ قېلىشنىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

**ئا. پ. چېخوۋ**

* دوستلار دىدارىدىن ئارتۇق خۇشاللىق، پىراقىدىن ئارتۇق غەم يوق.

**روداكىي**

* ئادەملەر بىلەن شۇنداق ياشىغىنكى، دوستلىرىڭ دۈشمەن بولمىسۇن، دۈشمەنلىرىڭ بولسا دوستقا ئايلانسۇن.

**پىفاگور**

* مەنسىپى ئۆسكەندىمۇسىز بىلەن ئالاقىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئۈزمىسە، ئۇنداقتا سىز ھەقىقىي دوست تېپەلمەيسىز.

ج. لابرىيۇيېر

* كىمنىكى نۇقسانسىز دوست ئىزدەيدىكەن، دوستسىز قالىدۇ.

بىئاس

* دوستلۇق سۇسلىشىپ سوغۇقلىشىشقا باشلىسا، ياسالما خۇش مۇئامىلە كۆچىيىدۇ.

ۋ. شېكسپىر

* ئۇرۇش باتۇرنى، جاھىل دانانى، يوقسىزلىق دوستنى سىنايدۇ.

ئەل - خارىزمى

* بەختسىزلىكتە دوست سىنىلىپ، دۈشمەن پاش بولىدۇ.

ئېپىكتېت

* ساختا ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىكىدىن كۆرە دوستلۇقى خەۋپلىكتۇر.

ژ. روسسو

* دوستنى قارشىپ ئولتۇرغىنىڭدا كايىپ، كۆپچىلىك ئىچىدە ماختا.

سولۇن

* ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە قارىغاندا ئايالالارنىڭ گۇمانى كۆپرەك توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

ر. كىپلىڭ

* مەدەنىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئايالغا بولغان مۇناسىۋەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

م. گوركىي

* قىز بالىنىڭ ھەممە بايلىقى - ئۇنىڭ نومۇسى، بۇ بايلىق ھەر قانداق مىراستىنمۇ قىممەتلىك.

ۋ. شېكسپىر

* مۇھەببەت - خۇددى ئوت، قالاپ تۇرمىساڭ ئۆچىدۇ.

م. يو. لېرمونتوۋ

* ئەگەر ئادەملەرنىڭ ئۆيى قىرىق ياشقا كىرگۈچە بالىلار چۇقانى بىلەن تولمىسا، ۋەھىمە بىلەن تولىدۇ.

ش. سېنت - بېۋ

* ئەڭ چوڭ ئىنتىزام مەكتىپى - ئائىلە.

س. سمايلس

* پەرزەنتىڭىزنى تەلەيسىز قىلىشىڭىزنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇسۇلى قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بالا نېمە دېسە ھەممىسىگە ماقۇل دېيىشتۇر.

ژ. ژ. روسسو

* ئادەملەرنىڭ بالىلىرىڭ ھەققىدە يامان گەپلەرنى قىلىشقانلىقلىرى ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ سېنى يامانلاۋاتقانلىقى.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

* مېنىڭ پىكرىمچە، ھەممە مۇتەپەككۇرلار تەربىيىنى زاكىمدىن باشلاش كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن..

ن. ئى. پىروگوۋ

* يامان بالىلار ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى جازالاش كېرەك.

م. گوركىي

* قورقۇتۇش بىلەن بالىدا پەقەت چۈشكۈنلۈكنى، بوزۇقلۇقنى، ئىككى يۈزلىمىلىكنى، رەزىل قورقۇنچاقلىقنى يېتىشتۈرۈش مۇمكىن.

ف. ئې. دزېرژىنسكىي

* قەبرىڭىز ئۈستىدە يىغلاشلىرى ئۈچۈن پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ كۆز يېشىنى تۆكمەڭ.

پىفاگور

* بالىلار ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدىن ئۆتمۈشنى، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن كېلەچەكنى كۆرىدۇ.

ئى. ئېۋۇس

* خاراكتېر ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا

* قويغان مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن غەير-
رەت بىلەن ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت.

**ئى. گيوتې**

* ئۆز مەجبۇرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش
خاراكتېرنىڭ كۆلتاجى.

**ن. ۋ. شېلگونوۋ**

* كۆپىنچە ئۆز مەيلىچە ئەمەس، بەلكى
خاراكتېرنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن خا-
ئىنلىق كېلىپ چىقىدۇ.

**ف. لاروشفۇكو**

* ياخشى خاراكتېر ياخشى نەرسىلەرگە
ئوخشاش بېشىغا قارىغاندا ئاخىرىدا قايىل
قىلىدۇ.

**ف. ۋولتېر**

* ئەقىل ئىرادە يولىنى يورۇتىدۇ، ئىرادە
بولسا پائالىيەتنى ئىدارە قىلىدۇ.

**يا.كومېنىسكىي**

* ئۆز ئۇستۈگىدىن قازانغان غەلىبەڭ ئەڭ
بۈيۈك غەلىبىدۇر.

**پ. كالدىران**

* ھەممە نەرسىنى تەۋەككۇلچىلىككە تاشلاپ
قويغان ئادەم ئۆز ھاياتىنى قىمارغا ئاي-
لاندۇرىدۇ.

**ت. فوللېر**

* ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلگەن ئادەم ھەممى-
دىن كۈچلۈك.

**سېنېكا**

* ئەڭ قىيىن ئىش ئۆزۈگىدىن تەلەپ
قىلىش.

**ئا. س. ماكارېنكو**

* باشقىلارنى كۆپ نەرسىلەر ئۈچۈن كەچۈر،
ئۆزۈڭنى ھېچ نەرسە ئۈچۈن كەچۈرمە.

**پوبلىلىي سىر**

* قەتئىيەتلىك ئەقىلنىڭ جاسارىتىدۇر؛ ئۇ
ئاڭلىق دادىللىقنى تەقەززا قىلىدۇ. قوپال-
لىق بولسا، ئەكسىچە، ئۆز ئىختىيارىنى
يوقىتىش دېگەنلىك.

**ف. ۋولتېر**

* قوپاللىق ئەقىل قىسقىلىقى، نادانلىق
ۋە ئۆزۈم بىلەرمەنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**ف. لاروشفۇكو**

* قوپاللىق — ئەخمەقلەرنىڭ نىقابى.

**يا. ب. كىنياژنىن**

* ھەر قانداق بەختسىزلىكنىڭ كۆلىمى
ئۇنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى
ئىنساندا قانچىلىك ئەكس ئېتىشى بىلەن
ئۆلچىنىدۇ.

**گ. سېنكېۋىچ**

* ئۆزۈڭنى بىئارام قىلىۋاتقان نەرسىلەر-
گە قارىتا مۇناسىۋىتىڭنى ئۆزگەرت؛ ئەنە
شۇ چاغدا خەۋپ - خەتەردىن خالىي بولى-
سەن.

**م. ئاۋرېلىي**

* ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ۋە تاشقى زەربە-
لەرگە قارىماي خاتىرجەملىكنى ساقلاش
ئىنسانىي دانىشمەنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى
دەرىجىسى.

**د. دېفۇ**

* بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەقدىر-
نىڭ قالدۇرغان بىرەر يوچۇقى بولىدۇ؛

**م. سېرۋانتېس**

* ئاچچىق كۆز ياشلىرى چىقمىغاندا ھايات
قەدىمى كۆڭۈلنى ئاينىتىۋېتىدەك دەرىجىدە
تاتلىق بولغان بولاتتى.

**پىفاگور**

* بەختسىزلىكمۇ قورقاقلارغا ئوخشايدۇ؛ قور-
قۇپ تىترەۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاي-
دۇ، ئۆزىگە قارشى دادىل كېلىۋاتقانلاردىن
قاچىدۇ.

**ئا. ژيوسى**

* مەرد ئادەم نالە قىلماي ئىچىدىن ئازابلىنىدۇ. ئاجىز كىشى بولسا ئازاب چەكمەي تۇرۇپ نالە قىلىدۇ.

پ. بۇئاست

* كىتابلاردىن ئالمايدىغان دانىشمەنلىكنى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە غەم - قايغۇدىن مىسقاللاپ يىغىپ ئېلىش بىزنىڭ قىسمىتىمىز.

ن. ۋ. گوگول

* مۇھتاجلىق چاغلارنى ئۇنۇت، لېكىن ئۇلار ئۆگەتكەن ساۋاقنى ئېسىڭدىن چىقارما.

س. گېسنېر

* خۇلق ھەركىم ئۆز قىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك.

ئى. گيوتى

* دۇنيا - بىر ئەينەك، ئۇ ھەربىر كىشىگە ئۆز تەسەۋۋۇرىنى تەكرار كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ. تىككېرېي

* داناlarنىڭ ئىشى ئەقىل بىلەن، پەمسىزلەرنىڭ كىشىلەرنىڭكى تەجرىبە بىلەن، تولۇق نادانلارنىڭكى - ھاجەت بىلەن، ھايۋاننىڭ ئىش - ھەرىكىتى تەبىئىي ئاڭسىزلىق بىلەن بولىدۇ.

تىستسېرون

* باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئىش - ھەرىكەتلىرىڭنى ئويلا.

ل. ن. تولستوي

* باشقىلارنىڭ ناچار ئىشلىرىنى پەش قىلىش، پاتقاقتا قول يۇيۇشقا ئوخشاشتۇر.

ژ. فېتى - سان

* ئەقىللىق ئادەم باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆز كەمچىللىكىنى تۈزىتىدۇ.

پۇبلىلىي سىر

* بىزنى ھەر قانداق نەرسە ئۆز ئۇقسانلىرىمىزدەك كىشەنلەپ ئالالمايدۇ.

ئو. بالزاك

* ئۇقسانى تولا ئادەمنىڭ ھۆكىمى تولا.

ف. پېتراركا

* شۈبھە - خائىن؛ ئۇ بىزنى غەيرەتلىنىشتىن يالتايتىپ، ئېگە بولۇشىمىز مۇمكىن بولغان ياخشى نەرسىلەردىن كۆپ ھاللاردا مەھرۇم قىلىدۇ.

ۋ. شېكىسپىر

* ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتماسلىققا ھەرىكەت قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسى.

ستېندال

* ھەقىقىي پەزىلەت دەرياغا ئوخشايدۇ، ئۇ قانچىلىك چوڭقۇر بولسا شۇنچىلىك جىمجىت ئاقىدۇ.

م. مانتېل

* ئىنساننىڭ پەزىلىتى پەۋقۇلئاددە جاسارەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ب. پاسكال

* دانا بىلەن سۆزلەشكەندە ئاز گەپ قىل.

كەتتەكاتون

* ئىنچىكە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئادەمگە پۈتۈن تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئورۇنۇش زېرىكىشلىك ۋە ھاقارەتلىكتۇر.

ر. ليوكسېمبورگ

* تىلنىڭ ئەقىلنىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا يول قويما.

خىلون

* تەسىراتلار قانچىكى چاپسان، شىددەت بىلەن ئېتىپ بېرىلسە ئۇلار شۇنچىلىك يۈزەكى ۋە بىردەملىك بولۇپ چىقىدۇ.

ن. ئا. دوبروليوبوۋ

* سۆھبەتنى ئەقىل ئەمەس، ھەممىدىن كۆپرەك ئۆزئارا ئىشەنچ قىزىتىدۇ.

ف. لاروشفۇكو

www.uyghurkitap.com

* ياخشى سۆھبەتداش بولۇشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ تىڭشاشنى بىلىش.

**ك. مورلى**

* تىڭشاش ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئەخمەقلەرگە كۆرسىتىدىغان ھىممىتىدۇر.

**پ. رىكۇرسېل**

* تىڭشاشتا بىرىنچى، سۆزلەشتە ئاخىرقىسى بول.

**ئە. كاپىيېۋ**

* بىرلىپ تىڭشاش ۋە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش سۆھبەت ۋاقتىدا ئەڭ ئالىي مۇكەممەللىكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ف. لاروشفۇكو**

* ئورۇنلۇق جاۋاب ئالماقچى بولساڭ ـ يوللۇق سوئال سورا.

**ئى. گيوتى**

* بەزىدە سۈكۈت ھەر قانداق گەپتىنمۇ مەنىلىك بولىدۇ.

**ش. مونتېسكيي**

* سۈكۈت بىئەدەبلىك، قوپاللىق ياكى ھەسەت پەيدا قىلىدىغان ھەر قانداق كېلىشمەسلىككە قارشى ئەڭ توغرا جاۋاب.

**ئى. تىسسەسېرمان**

* نەپرەتلىك سۈكۈتتىن ئارتۇق خورلىغۇچى جاۋاب بولماس.

**م. مانتېن**

* ئەڭ ئېغىر ھاقارەت سەندىن ھېچبىر يامانلىق كۆرمىگەن كىشىنىڭ ھاقارىتىدۇر.

**ئابول فاراج**

* كايىش ئادىتى كۈچەيگەنسېرى ئىختىيارسىز يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە مايىللىق كۈچىيىشكە باشلايدۇ.

**ئارەستۇ**

* تاتلىق سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى، سوغۇق سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى.

**سەئدى**

* چۇقان ـ سۈرەن سېلىش ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. تۇخۇم تۇغقان مېكيانمۇ خۇددى بىر كىچىك سەييارىنى تۇغقاندەك قاقىلدايدىغۇ؟

**مارك تۋېن**

* ياخشىلىق قىلغان ئەمەس، ياخشىلىق كۆرگەن سۆزلىسۇن.

* سەن دۇنيادا نامەرد ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن رەنجىپ يۈرۈپسەن، ۋىجدانىڭدىن سوراپ باق! ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەملەر سېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرگەنمۇ؟

**سېنېكا**

* باشقىلارغا تاغارلاپ نەسىھەت قىلمىمىز، ئەمما ئۆزىمىز تامچىلاپ قوبۇل قىلىمىز.

**ئو. ئولژېر**

* باشقىلار ئالدىدا بېرىلگەن نەسىھەت تەنىگە ئوخشاش جانغا تېگىدۇ.

**قابۇس**

* ئەخمەق بىلەن مۇنازىرە قىلىش ـ كۆرگە چىراغ ياققان بىلەن باراۋەر.

**پ. بۇئاست**

* سەندىن ھېچقانداق ھىممەت كۆرمىگەن ئادەمنىڭلا ماختىشى ئەڭ توغرا ماختاش ھېسابلىنىدۇ.

**ئابول فاراج**

* ئەگەر ماختاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولساڭ، بىلگىنىڭكى، ئۇ خۇشامەتتۇر.

**دېموكرىت**

* سېنى ماختىسا ياخشىلاپ ئويلاپ باق، ئۆزۈڭ شۇنىڭغا لايىقمۇ، لايىق بولمىسا

بىلگىنىكى، سېنى مەسخىرە قىلىشقان.

ف. چېستېرفىلد

* ئۆزىمىزدە يېتىشمەيۋاتقان پەزىلەتلەر توغرىسىدىكى ماختاشلارمۇ بىزگە يېقىمىپ قالىدۇ. ئەخمەققە: «ئەقىللىقسەن»، ئالدامچىغا: «دۇنيادىكى ئەڭ راستچىل ئادەمسەن» دەپ بېقىڭ، ئۇ دەرھال سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ.

ك. فىلدىك

* مەن بىكارچىلىقتا ئۆز ـ ئۆزۈمگە قىلىنغان ئۆزىگە خاس سۇيىقەست دەپ قارايمەن.

ف. چېستېرفىلد

* ئەگەر بىرەر كۈن ئىشلىمىسەم ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرگەن بولىمەن.

ل. ن. تولستوي

* بىپەرۋالىق ۋە ھورۇنلۇق ـ جان ۋە تەننىڭ ھەقىقىي مۇزلىشى.

ۋ. گ. بېلىنىسكىي

* بىكارچى ئادەم ستىرېلكىسى يوق سائەتنىڭ ئۆزىدۇر.

ف. كۇپېر

* ھەممە ئەسكىلىكنىڭ يىلتىزى ـ بىكارچىلىقتا.

ئا. ۋ. سۇۋوروۋ

* زېرىكىش ـ بىكارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ستېندال

* قىزىقىشى قانچە كەم بولسا، كۈن شۇنچە تەسلىكتە ئۆتىدۇ.

م. ئەبنېر ـ ئەشېنباخ

* قايناۋاتقان قازانغا چىۋىن يېقىنلىشالمىغاندەك، ئىش بىلەن بەنت كىشىنىڭكىگە بىكارچى مېھمان كەم كېلىدۇ.

ب. فرانكلىن

* ھەقىقىي ۋە ساغلام خۇشاللىقتىن بىرى ئەمگەكتىن كېيىنكى ھاردۇق.

ئى. كانت

* ھەر قانداق ئەندىشە ۋە نەپرەتتىن خالىي بولغان بۈيۈك روھىي لەززەتلىنىش ـ ساق ئادەمنىڭ ئىشتىن كېيىنكى ھاردۇقىدۇر.

ئى. كانت

* ئورغۇنلىغان ياۋۇزلۇقلارنىڭ سەۋەبچىسى مەي بوتۇلكىسى ئىچىدە بولىدۇ.

ئى. ۋازوۋ

* ھاراقكەشلىك ـ ۋەھشىيلىكنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ، قەدىم ۋە ياۋايى ئۆتمۈشتىن باشلاپ ئىنسانىيەتنى غەمقىدە بوغۇپ كەلمەكتە. ئادىمىزاتنىڭ ئەڭ ياخشى ئامايەندىلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى غاجاپ، كۈچىنى چېچىپ، قۇۋۋىتىنى شوراپ، ھالاكەتكە ئۇچراتماقتا. ئىنسانىيەتتىن مۇدھىش خىراج تۇپلاپ كەلمەكتە.

ج. لوندون

* ھەرقانداق ھۇجۇم ۋە جىنايەتلەرمۇ خەلقنى ۋە خەلق پايدىلىقىرىنى ھاراقكەشلىكتەك ۋەيران قىلمايدۇ.

ف. بېكون

* بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىمىزۇ، ئەمما، شەخسىي سالامەتلىكىمىزدىن ئايرىلىمىز.

جېرام؛ جېرام

* مەينىڭ ئېيتىشىچە، ئىچكەن ئادەم تۆت سۈپەتكە ئىگە بولىدىكەن. دەسلەپ ئۇ تاۋۇسقا ئايلىنىپ، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىكەن، ھەرىكەتلىرى راۋان، ئۆزىنى ئۇلۇغۋار ھېس قىلىدىكەن. كېيىن مايمۇن قىياپىتىگە كىرىپ، ھەممە ئادەم بىلەن چاقچاقلىشىپ، قىزىقچى بولۇشقا باشلايدىكەن. ئاندىن كېيىن بولسا شىرغا ئايلىنىپ، ئۆزىگە مۇنار تىكلەيدىكەن. مەغرۇرلۇقى

تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ كېتىدىكەن. لېكىن ئاخىرىدا چوشقىغا ئايلىنىپ، ئەخلەتتە چوشقىدەك ئېغىناپ ياتىدىكەن.

**ئابول فاراج**

* ئىچىملىك ئادەملەرنىڭ جىسمانىي ساقلىقىنى نابۇت قىلىدۇ، ئەقلىي قابىلىيىتىنى نابۇت قىلىدۇ، ئائىلە ھالاۋىتىنى نابۇت قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەڭ دەھشەتلىكى، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنى نابۇت قىلىدۇ.

**ل. ن. تولستوي**

* ئاۋۇ ئادەم مەستلىكتە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىستاكاندا نېمە ئىچىۋاتقىنىنى بىلەمسىز؟ ئۇ خوتۇنى ۋە بالىلىرىنىڭ كۆز يېشى، قېنى ۋە ھاياتىنى سۈمۈرۈۋاتىدۇ.

**ف. لامېننې**

* مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان چېغىمىزدا، بوشاشقان چېغىمىزدا، ھارغان چېغىمىزدا دائىم بىزگە ئىچىملىك قول ئۇزىتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ۋەدىلىرى قۇرۇق: ئۇ كۈچ بېغىشلايمەن دەيدۇ - يۇ، ئەمما ئالدايدۇ، كۆڭۈلنى كۆتۈرىمەن دەيدۇ - يۇ، ئەمما تېخىمۇ ساختىلاشتۇرىدۇ.

**ج. لوندون**

* مەي ئاۋۋال يۈزگە رەڭ بېرىدۇ، كېيىن بېزەكلەشتۈرىدۇ.

**سەئدى**

* ئىچىملىك ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ ۋەھشىيلەشتۈرىدۇ، ئۇنى شەپقەتسىز قىلىپ، ياخشى ئوي - خىياللاردىن چەتلىتىدۇ، مېڭىنى گاللاشتۇرىدۇ.

**ف. م. دوستويېۋسكىي**

* مەست ئادەم ـ ئادەم ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىنسانىي ھايۋاندىن ئاجرىتىپ تۇرغۇچى ـ ئەقلىنى يوقاتقان.

**ت. پېن**

* مەستلىك ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇش دېمەكتۇر.

**سېنېكا**

* مەستلىك ئەقلىدىن ئېزىش مەشقىدۇر.

**پىفاگور**

* بىرىنچى قەدەھ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش ئۈچۈن، ئىككىنچىسى خۇشاللىق، ئۈچىنچىسى ـ كەيپ بولۇپ ھوزۇرلىنىش، تۆتىنچىسى بولسا ـ ئەقلىدىن ئېزىش ئۈچۈن ئىچىلىدۇ.

**ئاناخارسىس**

* مەستلىك ۋە مەدەنىيەت ـ مۇز ۋە ئوتتەك، نۇر ۋە زۇلمەتتەك، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە مۇتلەق قارىمۇقارشى چۈشەنچە.

**ن. ئا. سېماشكو**

* ئەينەك ئادەمنىڭ يۈزىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك، مەستلىك ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

**ئەسفەل**

* ئەقلىي ئەمگەكتە چارچىغان قانچىلىغان كىشىلەر ۋە قانچىلىغان قارا ئىشچىلار ئىچىملىك دامىغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغۇچى مۇدھىش يولغا كىرىپ قالىدۇ.

**ج. لوندون**

* ھاراقكەشلىك تارىخى مۇسىبەتلىك تارىختۇر. ئۇ: ئاچلىق، ۋابا ۋە ئۇرۇشقا قارىغاندىمۇ كۆپرەك ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

**ئۇ. گلادستون**

* بوتۇلكىدا مەن دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرىمەن، ئۇ، بوتۇلكا ئىچىدىكى نەرسىدىن كېلىپ چىقىدۇ: كۆز ئالدىمدا، ئىلمىي تەبىئەتشۇناسلىق موزېيىدىكى بوتۇلكىدا خىلمۇخىل چايانلار، يىلانلار ۋە يىرىگلانغان تاماق بەزلىرىنى كۆرۈپ تۇرغانغا ئوخشايمەن.

**گ. گېيني**

www.uyghurkitap.com

* باللاردىكى نىمجانلىق ۋە كېسەللەنلىكنىڭ سەۋەبى ھاراقكەشلىك.

**گىپوكرات**

* نۇرغۇنلىغان تەنتەك، ئەقىلى زەئىپ باللار ئىچىملىككە بېرىلگەن ئاتا - ئانىلاردىن تۇغۇلىدۇ.

**ف. بېكون**

* ھاراقكەشلىك - بۇزۇقلۇق پۇراپ تۇرغۇچى قىمارخانىغا، پارىخورلۇققا، قەرزدارلىققا، چىدىغىلى بولمايدىغان جىنسىي باشباشتاقلىققا ۋە زوراۋانلىققا يول كۆرسىتىپ بەرگۈچى يېشىل چىراقتۇر.

**ئى. م. ياروسلاۋسكىي**

* ئىچىملىك ئادەمنى قاتىل ۋە ئوغرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

**ك. كولتون**

* ئىچىملىك تۈرمىنى توشقۇزۇپ تۇرغۇچى خىزمەتكاردۇر.

**بودرىرالار**

* مەست ئادەم ساق ۋاقتىدا ئويلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيدىغان يامان ئىشلارنى قىلىشقا قادىردۇر.

**ج. لوندون**

* ئىچمەسلىك - ئوچاقتا ئوتۇن، قازانغا گۆش، داستىخانغا نان، دۆلەتكە - دارامەت، ھەميانغا - پۇل، تەنگە - كۈچ، ئۇچىغا - كىيىم - كېچەك، مېڭىگە - ئەقىل، ئائىلىگە پاراۋانلىق بەخش ئېتىدۇ.

**ب. فرانكلىن**

* شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئۆتمۈشى بوشلۇق، ھازىرى دەشت چۆل، كېلەچىكى يوقلۇقتىن ئىبارەت.

**س. سېگيۇر**

* ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچىشلىكى - ھەسەت ... خائىنلىق ۋە پىتنە - پاساتلار ھەسەت بايرىقى ئاستىدا كۈن كۆرىدۇ.

**ك. گېلۋېتسىي**

* ئادەملەر ئادەتتە ئۆزلىرىگە نېسىپ قىلىنىغىنىدىن راھەتلەنمەي، نېسىپ قىلىنمىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئاھ ئۇرىدۇ.

**ۋ. گ. بېلىنىسكىي**

* ھەسەتخور يا ئۆزى بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، يا باشقىلارنىڭ ئامىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن خامۇش يۈرۈيدۇ.

**بېئون**

* مۇھەببەت تېلېسكوپ ئارقىلىق، ھەسەت بولسا مىكروسكوپ بىلەن قارايدۇ.

**گ. شوئۇ**

* ھەسەت - قەلب ئوغرىسى.

**ف. ۋولتېر**

* ھەسەتخورنىڭ خاتىرىسى - ئاداۋەتلەرنى ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن تارتىپ قويۇلغان ئۇزۇن داردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ژ. فوستېر**

* ھەسەتخورلارنى ئازابلاشنىڭ يولى روھلۇق يۈرۈش.

**دېئوگېن**

* پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئادەم، پۇل ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.

**پ. بائوست**

* ئىقتىسادچىلىقنى دانالىقنىڭ قىزى، قانائەتنىڭ سىڭلىسى، ئەركىنلىكنىڭ ئانىسى، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

**س. سمايلىس**

* كونا تېرە شالدا كۆپچۈيدۇ، ئەقىلسىز كاللا بولسا - تەكەببۇرلۇقتا.

**م. كلائۇدىئۇس**

* بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ھاكاۋۇرلۇق، قەتئىيلىكى رەھىمسىزلىك، ئەقىل-پاراسىتى ھىيلىگەرلىك بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

**ج. لابرىيۇيېر**

* شۆھرەتپەرەسلىك بىزنىڭ دىلىمىزدا بىزگە قارشى ھەرىكەت قىلغۇچى دەھشەتلىك كۈچ.

**ۋ. گيوگو**

* شۆھرەتپەرەسلىك ئۆزىمىز لايىق بولمىغان شان-شۆھرەتكە ۋاقىتسىز ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ئا. سېمىت**

* ئۆزىگە مۇنار تىكلىگەن ئادەم جەمئىيەت كۆكسىدە قېتىپ قالغان ئۆسمە.

**م. گوركىي**

* تەكەببۇرلۇق ئۆزى ھەققىدە يۈكسەك پىكىر قىلىپ، باشقىلارغا بولسا، تۆۋەن نەزەر بىلەن قاراشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**م. مانتىن**

* شۆھرەتپەرەسلىك كىشى بېشىغا چۈشىدىغان ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسى.

**ژ. ژ. روسسو**

* ھازىرقى ئىشىدىن ماختىنالمىغان ئادەم ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى بىلەن ماختىنىدۇ.

**تىستېپىرون**

* يالغانچىلىق ئىرادىسىز يۈرەكنى، پاراسەتسىز ئەقىل بولسا بۇزۇق خاراكتېرنى پاش قىلىپ بېرىدۇ.

**ف. بېكون**

* يالغانچىلىق ۋە ھىيلە-مىكىر-ئەخمەقلەر ۋە قورققاقلار ئۈچۈن پاناھدۇر.

**ف. چېستېرفىلد**

* يالغانچىلىق زورلاش باشلانغان جايدا تۇغۇلىدۇ.

**ك. ئا. فېدىن**

* كۆك پىت-مايسىنى، دات تۆمۈرنى، يالغان بولسا قەلبنى يەيدۇ.

**ئا. پ. چېخوۋ**

* ئاجىزلارنىڭ كۈچى ھىيلە-نەيرەڭدە.

**ۋ. شېكسپىر**

* ئالدامچىلىق بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكىلار.

**ئا. لىنكولىن**

* ھەممە خۇشامەتچىلەر ئادەتتە ئالدامچىلاردۇر.

**ئى. ئېنگېل**

* خۇشامەتچى كىم؟ بۇ دەرھال يول تاپىدىغان «مەرد» ئەقىل ئىگىسى بولۇپ، سەل كۆزىڭىز چۈشۈشى بىلەنلا يەتتە پۈكۈلۈپ، كۈلۈمسىرەيدۇ، ھەر بىر سۆزىڭىزنى ئەندىكىپ قارشى ئالىدۇ ۋە نېمە قىلسىڭىز ھەممىسىنى قارىغۇلارچە ئالقىشلايدۇ.

**ج. لابرىيۇيېر**

* پەقەت پەسكەش ئادەملا ئالدىڭدا ماختاپ كەينىڭدە غەيۋەت قىلىدۇ.

**پىفاگور**

* خۇشامەتچىلەردىن قېچىڭ-ئۇلار ياخشى كىيىنىپ ئالغان ئوغرىلاردۇر.

**ئۇ. پېنن**

* ئەقلى قىسقىنىڭ-تىلى ئۇزۇن.

**ئارىستوفان**

* دانانىڭ تىلى قەلبىدە، تەنتەكنىڭ قەلبى بولسا تىلىدا.

**ن. ۋ. شېلگۇنوۋ**

* كىم قانچىلىك نادان بولسا، خۇلاسە چىقىرىشقا شۇنچە ئالدىرايدۇ.

**ئە. كوندىلياك**

* بىلگىنىڭنى ھەدەپ سۆزلەۋەرمە، ئەمما سۆزلەۋاتقىنىڭنى بولسا ھەممە ۋاقىت بىل.

م. كلائودىئوس

* باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلىش — خائىنلىق، ئۆز سىرىنى ئاشكارا قىلىش ئەخمەقلىق.

ف. ۋولتېر

* پەقەت ئۈچ ئادەملا سىر ساقلىيالايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۆلگەن بولسىلا.

ب. فرانكلىن

* سىرمۇ تورنىڭ ئۆزى: بىر تۈگۈنى يېشىلسە، ھەممىسى چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.

ف. بېكون

* ئەگەر سىرىڭنى دۈشمىنىڭ بىلمىسۇن دېسەڭ، ئۇنى دوستۇڭغىمۇ ئېيتما.

قابۇس

* يامان ئادەملەر كىشى بەدىنىدە يۇرۇپ، پەقەت يارا بار جايغا كەلگەندە توختايدىغان چىۋىنگە ئوخشايدۇ.

ج. لابرىيۇيېر

* غەزەپكە كەلگەن بولساڭ، سۆزلەشتىن ئاۋۋال ئونغىچە سانا، بەك بولماي كەتسەڭ يۈزگىچە سانا.

ت. جېففېرسۇن

* راستىنى ئېيتقاندا قەيەردە ئاقىلانە دەلىل يېتىشمىسە شۇ يەردە ۋارقىراش ھۆكۈم سۈرىدۇ.

لېئوناردو داۋىنچى

* بىزنى غەزەپلەندۇرگەن ئادەمگە ئاچچىقىمىزدا شۇنداق ئەيىبلەرنى قويىمىزكى، تىنچ ۋاقتىمىزدا ئويلاپ قارىساق، ئۆزىمىزگىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ.

ك. د. ئۇشىنىسكىي

* غەزەپ ئۈستىدە جازا بېرىش جازالاش ئەمەس — ئۆچ ئېلىش.

پ. بۇئاست

* غەزەپ ئۈستىدە بەرگەن ھەر بىر زەربىمىز — ئاقىۋەت ئۆزىمىزگە كېلىپ تېگىدۇ.

ئۇ. پېنت

* پەقەت بىز تەرەپ ئەيىبلىك بولغاندا، جېدەل بۇنچىلىك ئۇزۇن سوزۇلمايتتى.

ف. لاروشفۇكو

* ئادەمنىڭ كۈچىتىن قېلىشى ئۆتكەن يىللارنىڭ ئەمەس كۆپىنچە بەڭباش ياشلىقىنىڭ، يۈگەنسىز قالايمىقانچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. بەڭباش ۋە تەنتەك ياشلىق قېرىلىققا بوشاشقان بەدەننى ھەدىيە قىلىدۇ.

تىستېسرون

* يامغۇر دەرەختىكى غۇبارلارنى يۇغاندەك تەنتەربىيە بەدەندىكى غۇبارلارنى تازىلايدۇ.

گىپپوكرات

* ھاياتنى ساقلاش لازىم بولغان تاماق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە، مۇقەررەر ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغۇچى زەھەرگە ئايلىنىدۇ.

ج. لابرىيويېر

* ئارتۇق سۇ زىرائەتكە زىيانلىق بولغاندەك، ھەددىدىن ئارتۇق تائاممۇ تەنگە زىيان.

ئابول فاراج

* ئۈستەل ئۈستىدىكى سانسىزلىغان نازۇ-نېمەتلەرنى كۆرگىنىمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە خۇددى پىستىرمىدىكىدەك رېماتىزم، سۇ چېچەك، زۇكام ۋە يەنە ئاللىقانداق كېسەللىكلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ج. ئاددىسۇن

www.uyghurkitap.com

* دائىمىي ھاراقكەشلىك، تەمكىنسىز مۇ-
ھەببەت ۋە چەكتىن ئارتۇق شەھۋانىلىقتىن-
مۇ ئارتۇق قېرىلىقنى چاپسانلىتىدىغان نەر-
سە يوق.

**ك. ۋېلاند**

* ياشلىقتا نېمىنى تېرىساڭ، چوڭ بولغان-
دا شۇنى ئورىسەن.

**گ. ئىبسېن**

* ياشلىقتىكى گۇناھىمىزنى قېرىغاندا
يۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**روتتىردامسكىي**

* ھەرئىككى جىنسنىڭ قېرىغان ۋاقتىدىكى
قىسمىتى ياشلىقنىڭ نېمىگە سەرپ قىلىن-
غانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**ستېندال**

* قېرىغا ياردەم قىل — يۆلەنگەن تېغىڭ،
بۇنى چۈشىنىسەن قېرىغان چېغىڭ.

**ن. خىسراۋ**

* قېرىلاردىكى دانالىق ياشلاردىكى كۈچ
غەيرەتنى ئۇلغايتسۇن، ياشلىقتىكى كۈچ-
غەيرەت بولسا قېرىلاردىكى دانالىققا مە-
دەتكار بولسۇن.

**ك. س. ستانىسلاۋسكىي**

* جاسارەت تۈگىگەن كۈنى قېرىلىق باش-
لىنىدۇ.

**ئا. مودۇئا**

* قېرىغىنىنى ئادەم قاچان سېزىدۇ؟ بۇنى
ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت
خاتىرىلەر بىلەن ياشاشقا باشلىغاندا ھېس
قىلىدۇ.

**ف. زاندېرس**

* قېرىغاندا كۆزلەر يۈزدىن باشنىڭ كەي-
نىگە ئۆتۈپ قالىدۇ. ھەدەپ كەينىڭگە قا-
رايسەن، ئالدىڭدا ھېچ نەرسىنى كۆرمەي-
سەن، يەنى ئۆمۈرلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى
خاتىرىلەر بىلەن ياشاشقا باشلايسەن.

**ۋ. ئو. كليۇچېۋسكىي**

* ياشلار ئۈمىد بىلەن ياشىشىدۇ، قېرىلار
بولسا خاتىرىلەر بىلەن.

**ف. زاندېرس**

* قېرىلىقنى ئويلىغانسېرى تېز قېرىيسەن.

**ئە. كاپېۋ**

* قېرىغانسېرى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت
ئېشىپ ئۆلۈم دەھشىتى كۈچىيىدۇ.

**ج. لابرىيوير**

* قېرىغىنىڭدا ئۆز ئادەتلىرىڭنىڭ قۇلى
بولۇپ قالىسەن.

**گ. فلوبېر**

* ئادەم 60 ياشقا يەتكەندىلا ئائىلىنىڭ
بىباھا ماكان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا
باشلايدۇ.

**ئە. بولىۋېر - لىتتون**

* قىرىق ياش — ياشلىقنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلى، 50 ياش قېرىلىقنىڭ باشلىنىشى.

**ۋ. گيوگو**

* قېرىلىق سەنئىتى ياشلارغا تۇسالغۇ ئە-
مەس يۆلەنچۈك، رەقىب ئەمەس مۇئەللىم،
بىپەرۋالىق ئەمەس، ھەمنەپەس بولۇش
دېمەكتۇر.

**ئا. مورونا**

* ھەقىقىي ھايات 50 ياشتىن كېيىن باش-
لىنىدۇ. بۇ ياشتا ئادەم ھەقىقىي چېنىقىپ
يېتىلىدۇ. باشقىلار ئۆرنەك ئالسا ئەرزىگۈ-
دەك خىسلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. ھەققە ساۋاق
بولىدىغان نەرسىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

**ئۇ. بوك**

* ھە، سالاپەتلىك موي سېپىت بولۇشنىڭ
ئۆزى بۈيۈك سەنئەتلەردىن بىرىدۇر. ئىنسان
ئۆزىنى دانىشمەن قېرى قىيا پىتىدە پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدى بىلەن نامايان قىلىشى كېرەك. شۇ ھالدا، ئۇنىڭ قەلبى ھەممىگە ئوچۇق بولىدۇ. ئۇ يېڭى ئەۋلادنى مۇبارەكلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز تەجرىبىسىنى سۇنىدۇ.

ئا. ۋ. لۇناچارىسكىي

* قېرىلىق ئەخمەق ئۈچۈن ئېغىر يۈك، جاھىل ئۈچۈن قىش، ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن مول ھوسۇل دەۋرىدۇر.

ف. ۋولتېر

* قېرىلىق كۆڭلەككە تەگكەن داغقا ئوخشايدۇ — ئۇ خاراكتېردىكى ھەممە ئىللەتلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ.

ۋ. ئو. كلىيۇچېۋىسكىي

* نادان قېرى ھەمىشە كۆرەڭ ۋە تەكەببۇر بولىدۇ.

ج. لابرىيويېر

* كۈچ ۋە ھۆسن ياشلىق بېزىكى، قېرىلىقنىڭ بېزىكى بولسا دانىشمەنلىك ۋە ئويلاپ ئىش قىلىش.

دېموكرىت

---

«تەپەككۇر گۈلشەنى»دىن نەشرگە
تەييارلىغۇچى: رىسالەت مۇھەممەت

* * * * *

## ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە

* گۈزەل ئەدەبىياتنى ئوقۇش — ھاياتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ كۈرەش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش دېمەكتۇر.

ك. ماركس

* ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتى ياراتقان مەدەنىيەتنى توغرا بىلىش ۋە ئۇنى تەكرار تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

* مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت تارىخىنى، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىلىش كېرەك.

م. ئى. كالىنىن

* ئىنساندا ئىزچىل ۋە ئاڭلىق ئېتىقاد پەقەت جەمئىيەت تەسىرى بىلەن ياكى ئەدەبىياتنىڭ ياردىمىدە راۋاجلىنىشى مۇمكىن.

ن. گ. چېرنىشېۋسكىي

* مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن... مەدەنىيەت تارىخىغا، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك... مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك — بۇ ئەڭ ئالدى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتنى بىلىش دېگەنلىكتۇر. بەدىئىي ئەدەبىيات ئادەمنى ھەممە نەرسىگە قارىغاندا كۆپرەك بېيىتىدۇ، ئادەمنى ئۆسۈپ يېتىلىشكە... ئادەم بولۇشقا تەربىيىلەيدۇ.

م. ئى. كالىنىن

* تەپەككۇر ۋە ئەقلىي ئەمگەكتە ئوزۇپ كەتكەن خەلقلا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ل. پاستېر

* چىۋەرلىك بىلەن چېچەنلىكنىڭ سىرى، تۇرمۇش بىلەن سەنئەتنىڭ يارقىن نۇرى پەقەت چىنلىقتىلا. چىنلىقنى سۆيەيلى.

ئامىل

* ھەقىقەت ئالتۇندەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ چەكسىز ئېقىمىدا دائىم تۆۋەنگە ئولتۇرۇۋالىدۇ. سەپسەتە يېزىكتەك يەڭگىل بولغاچقا، دائىم سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈيدۇ.

ف. بېكون

* ئوقۇرمەنلەر (كىتابخانلار) ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئوقۇيدۇ، بىراق چۈشەنمەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئوقۇپ چۈشىنىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئوقۇپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ يېزىلماي قالغان كەم يەرلىرىنى بايقايدۇ.

**گ. لېختېنبېرگ**

* كىتابنى يېزىش ئاپتورنىڭ ئىشى، ئۇنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق — ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىشى. ئاپتور كىتابنى يازغىنى بىلەن ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئوقۇرمەنلەر بەلگىلەيدۇ.

**ۋ. گيوگو**

* ياخشى كىتاب — ئاپتور تەرىپىدىن ئادەمزاتقا قالدۇرۇلغان مىراستۇر.

**ئا. ئارىسال**

* يامان دوستنىڭ تەسىرى قانداق بولسا، يامان كىتابنىڭ تەسىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**گ. فىلدىڭ**

* ئۆتكەن ئەسىر يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش دېگەنلىك — شۇ دەۋرنى ساياھەت قىلىش دېمەكتۇر.

**ر. دىكارت**

* كۆپ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ رومانلىرىمىز تۇرمۇشقا ئوخشىماي، تۇرمۇشىمىز رومانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

**ژ. ساند .**

* ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن قالتىس، ھەممىدىن ئادىل تەنقىدچى — ۋاقىتتۇر.

* ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى — سەنئەتكارنىڭ ئۆز كەسپداشلىرى ئارىسىدا قايسى دەرىجىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت.

**ۋ.گ. بېلىنىسكىي**

* مۇزىكىنىڭ تىلى — تەرجىمە قىلىنمايدىغان تىل. ئۇ، جاننىڭ تىلى.

**ئا. ئا. نۇۋېربان**

* سەنئەت ئۈچۈن ئادەمدىن ئارتۇق ۋە يۈكسەك نەرسە يوق.

**ۋ.گ. بېلىنىسكىي**

* تۇرمۇشتىن تاشقىرى سەنئەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

**ۋ. ۋاگنېر**

* تەكرارلاش — ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئاساسى، بىراق ئىجادىيەتنىڭ كېلىشەلمەيدىغان دۈشمىنى.

**ل. مارتىنوۋ**

* ئەقىل بىلەن فانتازىيە گىرەلەشكەندىلا ئاندىن سەنئەتنىڭ كارامىتى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

**ف . گولىيە**

* ئىجاد قىلىش — ئۆلۈمنى يېڭىش دېمەكتۇر.

**ر.. روللان**

* ھىمايىچىسى بولمىسا، ئەدەبىيات قانداق ئاقىۋەتكە قالغان بولاتتى؟ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تېگىشلىك سوتىمىز بار — ئۇ، كېلىچەك. ئاشۇ سوتنىڭ ئالدىغا بارالىغان يازغۇچىلا بەختلىك يازغۇچى.

**ئو. بالزاك**

* يازغۇچىنىڭ بىرلا ئۇستازى بولىدۇ؛ ئۇ — ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى.

**ن . ۋ. گوگول**

* ئەدەبىيات — خەلقنىڭ سەزگۈسى، ئۇنىڭ روھىي تۇرمۇشىنىڭ نۇرى ۋە مېۋىسى.

* شېئىر يېزىشنى بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى شائىر بولۇۋەرمەيدۇ؛ بۇنىڭغا كىتاب دۇكانلىرىدا سېتىلماي توپا بېسىپ ياتقان كىتابلار دەلىل بولالايدۇ.

**ۋ. گ. بېلىنىسكىي**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

* تىياتىر بولۇق ـ پۇچقاقلاردا يوشۇرۇنۇپ قالغان رەزىللىكلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ خەلققە كۆرسىتىدۇ.

ف . شىللېر

* رەسىم ـ بۇ، كۆز بىلەن كۆرىدىغان شېئىر، شۇنىڭدەك شېئىر بولسا، ئاڭلايدىغان رەسىم.

لېئوناردو داۋىنچى

* نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ

* * * * *

## ئەدەبىي خىزمەت، تىل ۋە ئۇسلۇب ھەققىدە

* تەقلىد قىلماق (باشقا ئادەملەرگە ئوخشىتىپ يازماق) باشقىلارنىڭ ئەقلى، باشقىلارنىڭ پىكرى ۋە باشقىلارنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ياشىماق، دېمەكتۇر...

ۋ.گ. بېلىنىسكىي

* ئەگەردە مەن پادشاھ بولغان بولسام ئۆزى ئىشلەتكەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان يازغۇچىلارنى يېزىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، يۈز دەررە ئۇرۇش كېرەك، دەپ قانۇن چىقارغان بولار ئىدىم...

ل.ن. تولستوي

* ئەدەبىي ئەسەر ـ گۈزەل ئەدەبىيات دېگەن ئۇنۇۋانغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇسلۇبىي پورما بەرمەك كېرەك. بۇ پورما ـ ھېكايە ۋە رومانغا ساددىلىق، ئېنىقلىق، ئاشكارىلىق، ئاز سۆزلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بېرىدۇ.

م. گوركىي

* ياخشى يازماق دېگەن ـ ياخشى پىكىر يۈرگۈزمەك، ياخشى سەزمەك، ياخشىلاپ ئېيتىپ بەرمەك دېگەن بولىدۇ. ئەقىللىق، روھلۇق ھەم ھەۋەسلىك بولۇش، دېمەكتۇر...

ج. بيوففون

* شېئىرنىڭ گۈزەل بولۇشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى شېئىرنى يەنە شىجائەتكە ئىگە، ئاپتورنىڭ ئارزۇسى بويىچە كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە قوماندانلىق قىلالايدىغان قىلىش كېرەك. ئۆزۈڭ ئاۋۋال كۈلسەڭ، ئاندىن باشقىلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا قىلالايسەن، شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزۈڭ يىغلىغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ چىرايىدا يىغا ئالامىتى پەيدا قىلالايسەن.

ئا. س. پۇشكىن

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئادالەت ھادىي



# ياخشى نىيەت بەختكە ھەمرا



(ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)

— خۇش رىۋايەتكار دەرۋىشىم، شەھەردىن سۆخەن رىۋايىتىڭنى باشلىغىن، سۆبھىنىڭ خۇش ساباسى سىنىڭ ئۆلمەس روھىڭ قاتلىرىدا ساقلىنىپ تۇرغان رىۋايەت - چۆچەكلىرىڭنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئىچى پۇشۇپ تۇرغان، ھاياتقا مۇھەببەت-مېھىر يوق دەپ ئالەمدىن نارازى بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۇرۇپ، ھاياتقا زوق ئويغاتسۇن!..

دەرۋىش بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، دۇررى ئەفشاندەك شېرىن تىلىدىن مۇنداق دۇر تۆكتى:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، توشقان تېرىسى خۇرۇم، مايمۇن تېرىسى يېپەك زامانىسىدا، بۆرى قاراقچىكەن، تۈلكە يالاقچىكەن، قاغا





www.uyghurkitap.com

تاغاقچىكەن، سېغىزخان پايلاقچىكەن، چىمچىق چېقىمچىكەن، يولۋاس سوراقچىكەن. غاز كانايچىكەن، ئۆردەك سۇنايچىكەن، سۇخەنچىلەر ئاي ئىكەن، ياخشى نىيەتلىكلەرنىڭ ھالىغا ۋاي ئىكەن. پۇل بايغا يار ئىكەن، دېھقان تىيىنغا زار ئىكەن. ئەسكى تاملاردا قۇشقاچ تولا، كەمبەغەلگە پۇتلاش تولا بولغان تەڭشىگى يوق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان ئىكەن.

دېھقان بىچارىنىڭ يېشى ئۇلغىيىپ، پۇت-قولى بوشىشىپ، بۇ دۇنيادىن كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىدىغان ۋاقتىدا ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ:

— باللىرىم، بۇ دۇنيادىن يەيدىغان رىسقىم تۈگەپ قالدى، بۈگۈن ـ ئەتە ئاق يوپۇقلۇق ئاتقا مىنىپ باقىي ئالەمگە كېتىمەن، سىلەر قالىسىلەر. كەمبەغەلچىلىكتە بارى ـ يوقى بىرلا ئۆكۈزىمىز بار. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، دوست ـ دۈشمىنىمنىڭ ئالدىدا شۇ ئۆكۈزنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە نەزىرىمنى ئوبدان بېرىڭلار، مېنىڭ روھىم خۇش بولسۇن، توپا ئالاڭلار ئالتۇن بولغاي!

بوۋاي شۇنداق دەپ باللىرىغا دۇئا قىپتۇ. باللىرىمۇ ماقۇل بوپتۇ. دېھقان بىچارە ئاخىرى تىنىقتىن قاپتۇ، ئۆچمەي ئۆتۈپتۇ. يەتتە نەزىرىگىمۇ بىر ـ ئىككى كۈن قاپتۇ. ئالتىنچى كۈنى كەنجى ئوغلى ئاكىلىرىغا قارىسا غېمىدە يوق يۈرگىدەك. بالا ئەجەبلىنىپ:

«ئەتە دادامنىڭ نەزىر كۈنى، بۈگۈن ئۆكۈزنى سويىدىغان كۈن ئەمەسمۇ؟!» دەپ ئاكىلىرىنىڭ سەمىگە ساپتۇ. ئاكىلىرى ئۇكىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ئاغزىڭنى يۇم، دادامدىن قالغىنى بارى ـ يوق بىرلا ئۆكۈز، ئۇنى سويىۋەتسەك نېمە بىلەن دېھقانچىلىق قىلىمىز...» دەپ ئىنىسىنى تىللاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۆكۈزنى سۇغىرىش ئۈچۈن تالاغا ھەيدەپ چىقىپتۇ. ئۇ، كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ ـ دە، قولىغا بىر كالتەك ئېلىۋاپتۇ. بۇ قەھرىتان قىش ـ زىمىستان كۈنلەر ئىكەن، بالا ئۆكۈزنى سۇ ئىچىۋاتقاندا كالتەك بىلەن بىرنى قويۇپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاكىلىرى سورىغان ئىكەن: «ئۆكۈز مۇزدا تېيىلىپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ. ئۇلار: «بۇ ئىنىمىزنىڭ پەيلى يامان، چاتاق تېرىيدىغاندەك تۇرىدۇ، كۆزدىن يوقاتمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشىپتۇ.

دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «كۆڭۈلنىڭ ئالاسى خۇدانىڭ بالاسى». ئالا كۆڭۈللەرنىڭ بوينىغا دوزاخ ئوتى سىرتماق بولغاي!

ئاكىلىرىنىڭ كۆڭلىگە شەيتان نەئىل ئەنە شۇنداق قارا سايە ـ ۋەسۋەسە ئوتىنى سالغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ دوزاخ ئۇچقۇنىدا يانماي قالۇرمۇ!...

ئەلقىسسە: شۇنداق بولدىكى، ئاكىلىرى ئىنىسىنى ئالداپ ئاپىرىپ بىر ئېگىز ياردىن تاشلىۋېتىپ، ئۆلدى، دەپ كېتىشىپتۇ. بالا يار ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ، يىغلاۋېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۆجىزانە ئىش كۆرۈپتۇ:

ئوڭ يېنىدا ئاي، سول يېنىدا كۈن، ئالدىدا چولپان يۇلتۇز نۇرلىنىپ بالىنى چاقىرىۋاتقىدەك. ئۇ ئاۋاز شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە مەيىن، مىسالى باھارنىڭ ئىللىق شامىلى ۋە ياكى لەرزان ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك ئىمىش. بۇ ھالىنى شول زامان شائىرى مۇنداق نەزمىگە رەڭ قىلغان ئىمىش:

ئوڭ يېنىمدا ئاي كۈلەدۇر،
سول يېنىمدا لەئلى تاج.
سۇبھىدەم چولپان چاقىرسا،
مەندە قالغايمۇ ئىلاج!...

خەيرىيەتكى بالا چۆچۈپ ئويغانسا، يار ئاستىدا يېتىپتۇ، ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. كەنجىتاي ئاللاغا سېغىنىپتۇ ـ دە، تەۋەككۇل كەمىرىنى بەلگە باغلاپ، مۇساپىرلىق خۇرجۇنىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ، تۇمان يېرىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە

ئۆزىنى ئاپتۇ. بىر تۇغقان - قېرىنداش ئاكىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىمىغانلىقىغا كۆڭلىدە لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ.

ئاللا ياخشى نىيەتلىككە ھەمراھ، ئاللا ئۇنى ئاچ قويسىمۇ، كەچ قويماپتۇ، كەچ قويسىمۇ ئاچ قويماپتۇ. كەنجىتاي دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ، چۆل شامالىلىرىدا قارىداپ، تاغ - دەريالاردىن ئېشىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. كەچ كىرىپ، ئاي-يۇلتۇزلار ئاسمان سەھنىسىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ، نۇرلۇق كۆزلىرىنى يەر يۈزىگە تىكىپ، ئىنسانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ھەققىدە ھېكايەت قىلىشقا باشلىغان ئىكەن.

كەنجىتاي بېشى قېيىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خىلۋەت بىر كوچىدا خۇدانىڭ يەر يۈزىدىكى دەرگاھى - مەسچىتكە دۈچ كەپتۇ ۋە ھېچ ئىككىلەنمەيلا مەسچىتكە كىرىپ: «ئاللانىڭ جايى پېقىرنى خەۋپ - خەتەردىن ئەمىن قىلغاي!» دەپ بورا ئۈستىدە بەخىرامان ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كەنجىتاي مەسچىتتە ئۇخلاپ، شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ تۇرسۇن، بىز رىۋايەتكار دەرۋىشنىڭ يېڭى قىسسىسىنى ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى زاماندارنىڭ ئەقىللىق ۋە ئۇۋغا ئىشقىۋاز، كېلىشكەن، باتۇر ئوغلى - شاھزادە كوجار بىر قېتىم شىكارغا چىققىنىدا بىر قىزغا ئاشىقى-بىقارار بولۇپ قالغان ئىكەن. بۇ قىز ھۆسنى - جامالدا يېگانە بولۇپ، بىر كۆچمەن قەبىلىنىڭ گۈلى ئىكەن. زاماندار شاھ شاھزادىسىنىڭ بۇ قەبىلە گۈلىگە ئاشىق بولغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق خاپا بوپتۇ، چۈنكى زاماندار شاھ «شاھى نەسەب شاھقا لايىق بولماق زۆرۈر» دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇ قوشنا شاھلار بىلەن سۆزلىشىپ، شاھزادە كوجارغا مەلىكىدىن بىرىنى تېپىپمۇ قويغان ئىكەن، ئەمما شاھزادە ئىشق چۆلىگە ئات سېلىشقا نىيەت باغلاپ، قىز بىلەن مۇشۇ مەسچىتتە ئۇچرىشىپ بىللە قاچماقچى بولغان ئىكەن. قىز نىسبى شەب (تۈن تەڭ) بولغاندا ئۆز قەبىلىسىدىن ئىككى ئاتنى ئېلىپ مەسچىت ئالدىغا كەلسە، مەسچىت پېشايۋىنىدا بورا ئۈستىدە بىر يىگىتنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. تەقدىرى ئەزەل دېگەن شۇنداق ئۇستا چاقچاقچىكى، زامان - زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنى قولىدا ئويۇنچۇقتەك ئوينىتىپ كەلگەچكە، بۇ ئىشتىقا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن تەقدىر مۇئەككىلى كەنجىتاي بىلەن قىزنى ئالقىنىغا ئېلىۋاپتۇ. قىز قاراڭغۇدا: «شاھزادەم ھېرىپ كېتىپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە، كەنجىتاينى ئويغىتىپ ئاتقا مىندۈرۈپتۇ.

ئەسلىدە زاماندار شاھ شاھزادە كوجارنىڭ پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ قالغانلىقتىن، شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ تەقدىر مۇئەككىلى بۇ ئىككى ناتونۇش ياشنى چۆلگە ئېپتىپتۇ. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلار شەھەردىن تالاغا ئۇزاپ كېتىپتۇ. يولبويى قىز شۇنچە تەلمۈرسىمۇ يىگىت گەپ - سۆز قىلماي مېڭىۋېرىپتۇ. كەنجىتايمۇ ھوشيار يىگىت ئىكەن، ئۇ بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ: «خۇدا ماڭا نىسىپ قىلغان قىز ئوخشايدۇ» دەپ ئۈنچىقماپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈپ، ئۇلار بىر مەنزىلگە كەلگەندە قىز يىگىتكە سەپسېلىپ قارىسا، باشقا بىر يىگىت، ئۈستى-بېشى جۇلجۇل بولسىمۇ، ئۆزى خېلى قاملاشقان. شۇ چاغدا تەقدىر مۇئەككىلى قىزنىڭ كۆڭلىنى يىگىتكە باغلاپتۇ. قىز ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى: «خەير ئەمدى، تەقدىر پېشانەم شۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە: شۇنداق قىلىپ، تەقدىر شامىلى ئۇلارنى بىر شەھەرگە ئۇچۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئۆي تۇتۇپتۇ. ئۇلارنىڭ كوچىسى بۇ ئەلنىڭ ۋەزىرى ئوبۇلنىڭ

ماگار يولى ئىكەن. بىر كۈنى قىز سۇغا چىققاندا ئوبۇل ۋەزىر بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، قىزنىڭ چۈمپەردىسىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىكەن، قىزنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرگەن ۋەزىر ھوشىدىن كېتىپتۇ. مۇلازىملىرى دەررۇ سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرسىمۇ، خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىگە كېلىپ قارىسا كۈن چاشكا بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئالدىراپ ئوردىغا بارسا، شاھ توڭكۇر غەزەپلىنىپ: «كۈن چاشكا بولدى، ساگا نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ، قورقۇپ كەتكەن ۋەزىر كۆرگەن ئەھۋالىنى سۆزلەپ مۇنداق نەزمە قىپتۇ:

ئى جاھانشاھ، يولدا كۆردۈم بىر گۈزەل،
كۈللى ئالەم تىڭشىمىغان بىر غەزەل.
ھېچ ئىشەنمەيمەنكى ئىنسان پۈتمىدى،
ئۇ پەرىزات ئەس - ھوشۇمنى قويمىدى.

شاھتوڭكۇر بۇنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بوپتۇ - دە، ئوبۇل ۋەزىرگە: «ئاشۇ قىزنى كەلتۈر» دەپتۇ. ۋەزىرى شاھقا قۇللۇق ئېيتىپ:

— ئى ئۇلۇغ، كەرەملىك شاھىم، سەۋرى قىلىڭ، ئۇ پەرىزاتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىدىنى يىراققا - ئىنسان تىلىمايدىغان ئېغىر ئىشقا بۇيرۇيلى، ئۇ شۇ يولدا ئۆلىدۇ، ئاندىن پەرىزاتمۇ سىزنىڭ بولىدۇ.

توڭكۇر شاھ ماقۇل بوپتۇ. ئوبۇل ۋەزىر كەنجىتاينى چاقىرتىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ كەرەملىك شاھىمىز ئاغرىپ قالدى، ئاڭلىساق، ئۇستا سەييات (ئوۋچى) ئىكەنسەن، شاھقا يولۋاس سۈتى دورا بولۇپ قالدى، نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

كەنجىتاي ئۆيىگە كېلىپ، ئەھۋالىنى ئايالىغا ئېيتقان ئىكەن، ئايالى: «نەۋكەرلەر سىزنى چاقىرغاندا كۆڭلۈم تۇيغان ئىدى، ئاخشام چۈشۈمدىمۇ بۇ ئىش ئايان بولغان، خەير، بوپتۇ، قورقىماڭلا سىز شەھەردىن چىقىپ كۈنچىقىشقا ماڭسىڭىز بىر بۇلاق تۇۋىگە بارسىز، شۇ يەردە سىزگە بەشارەت بولىدۇ» دەپتۇ.

كەنجىتاي يولغا چىقىپ، ئايالىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بۇلاقنى تېپىپتۇ. ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاغا سېغىنىپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندا كۆزى سەل ئىلىنىپ قالغان ئىكەن، چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاقساقال بوۋاي: «ئوغلۇم، تۇر، ئوڭ قولۇڭدىكى سايغا كىر، ئۇ يەردە بىر يولۋاس نالە - پەرياد قىلىپ، تاغۇ - تاشلارنى يىغلىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا ياردەم بەرا» دەۋاتقىدەك. كەنجىتاي چۆچۈپ كۆزىنى ئاچسا، بوۋاي يوق، ئۆزى بۇلاق تۇۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ: «ئاللا ئۆزۈڭ بارا» دەپ ئوڭ تەرەپتىكى سايغا كىرگەن ئىكەن، يىراقتىن نالە قىلىپ يىغلاۋاتقان يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. كەنجىتاي مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى يولۋاس بار يەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بىر يولۋاس ئۆڭكۈردە يېتىپ، ئىككى پۇتىنى سىرتقا چىقىرىپ يىغلاۋاتقان، كەنجىتاي يولۋاسنىڭ قېشىغا كېلىپ، پۇتىغا قارىسا، بىر شوخا تىكەن كىرىپ كەتكەن ئىكەن. كەنجىتاي شوخا تىكەننى قولى بىلەن ئالالماپتۇ، ئۇنداق قىپتۇ، مۇنداق قىپتۇ، زادىلا ئالالماپتۇ، ئاخىرى چىشى بىلەن تارتقان ئىكەن، تىكەن چىقىپتۇ. يولۋاسنىڭ نالىسى بېسىلىپتۇ. يولۋاس كەنجىتايدىن:

— بۇ ياخشىلىقىڭغا نېمە ئالۇرسەن، تەلىپىڭنى ئېيتا — دەپ سوراپتۇ.

— شاھىمىز ئاغرىپ قېلىپ، مېنى يولۋاس سۈتى تېپىپ كەل دەپ ئەۋەتكەن ئىدى، مېنى مۇشۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرساڭلا — دەپتۇ كەنجىتاي.

بۇ يولۋاس ئەسلىدە يولۋاسلارنىڭ پادىشاھى

ئىكەن. ئۇ بىر ۋارقىرىغان ئىكەن، تەرەپ - تەرەپتىن يولۋاسلار يىغىلىپتۇ. قارىسا، بىر ئادەم تۇرغان. يولۋاسلار ئۇنىڭغا خىرىس قىلغان ئىكەن، يولۋاسلار پادىشاھى:

— ئۇنىڭغا تەگمەڭلەر، ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىش يولۋاس ئەۋلادىنىڭ يولى. بۇ ئادەم مېنىڭ ئايىغىمدىكى شوخا تىكەننى ئۆز چىشى بىلەن ئېلىۋەتتى، ئۇنىڭغا يولۋاس سۈتى لازىم ئىكەن، بېرىڭلار — دەپ بۇيرۇپتۇ. بىر ئانا يولۋاس سۈتىنى بېرىپتۇ. يولۋاسلار شاھى بىر يولۋاسنى كەنجىتاينى مىندۈرۈپ، شاھ ھوزۇرىغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە: يولۋاس مىنگەن كەنجىتاي ھېلىقى بۇلاق تۈۋىگە كەپتۇ ۋە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاغا سېغىنىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مۈشكۈل ئىشىنى ئاسان قىلغىنىغا شۈكرانە تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ.

يولۋاس مىنگەن كەنجىتاي شەھەر تامان كىرگەن ئىكەن، كۆرگەنلەر قورقۇپ، ھەيرانۇھەس بولۇپ، كۆرمىگەنلەر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، كوچا - كويدا ئاجايىپ بىر ساراسىمە پەيدا بوپتۇ. تالاي قىزلار، چوكانلار، مويسىپىتلار دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. خەيرىيەتكى، ئەنە شۇنداق ھەيۋە، ۋەھىمە ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزىنى شەھەرگە باشلاپ كىرگەن كەنجىتاي شاھ ئوردىسى ئالدىدا توختاپتۇ - دە، يولۋاسنى سىرتتا قويۇپ، ئۆزى شاھ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ ۋە شاھقا يولۋاس سۈتىنى تەقدىم قىپتۇ.

توڭگۇز شاھ ھېلىقى قارانىيەت ۋەزىرى ئوبۇل ۋە باشقا ئاكابىر - تەكەببۇرلىرى بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. شاھ يولۋاس سۈتىنى كۆرۈپ، ئويلىمىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىكەن، ئوبۇل ۋەزىر دەررۇلا بۇنى سېزىپ: «شاھىم، بۇ، يولۋاس سۈتى ئەمەس!» دەپتۇ. كەنجىتاي شۇئاندا:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يالغان ئېيتماق بىز مۆمىن پۇقرالىرىڭىزغا خوپ بولۇرمۇ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ غەزىپىدىن قورقماي بېشىمىز ئۇنىمۇ، ئاللا ئىشىمنى ئاسان قىلدى، ۋەزىر ئەزىم ئىشەنمىسە سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ باقسا بولۇر، — دەپتۇ.

توڭگۇز شاھ ۋە قارانىيەت ۋەزىر ئوبۇل ئاكابىر - تەكەببۇرلەر كەنجىتاينىڭ كەينىگە قىزىقىپ سىرتقا چىققان ئىكەن، يولۋاسنى كۆرۈپ رەڭگىلىرىنىڭ قېنى ئۆچۈپتۇ. يولۋاس قارانىيەت ۋەزىرگە قاراپ شۇنداق خىرىس قىلغان ئىكەن، ئوبۇل ۋەزىر قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. قالغانلار ھەممىسى قېچىپ ئوردىغا كىرىۋاپتۇ.

شاھ توڭگۇز ئېغىزغا چۈشمىگەن شاپتۇلنى تامشىپ، پەزىراتقا كۈنبەدىن - كۈنگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئوبۇل ۋەزىر يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي كەنجىتاينى يەنە ئوردىغا چاقىرتىپتۇ - دە:

— كەرەملىك شاھىمىزغا تىكىنى يوق قىزىلگۈل دورا بولۇپ قالدى، تېپىپ كەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

كەنجىتاي ئۆيىگە كېلىپ، خوتۇنىغا ئېيتقان ئىكەن، خوتۇنى كەنجىتايغا:

— مال بازىرىغا كىرسىڭىز يەتمىش يېرىدىن يېرىلىپ ئېقىپ تۇرغان بىر بوز ئات ئۇچرايدۇ. شۇ ئاتنى ئېلىپ چىقىڭ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

كەنجىتاي ئاتنى 1000 تىللاغا سېتىۋاپتۇ. پەرىزات ئاتنى كۆرۈپ:

— ئەي دۇنيا كەزگەن دەرۋىشنىڭ بوز ئېتى، ئەسلىڭگە كەل! — دەپ بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە سىلىغان ئىكەن، ئاتنىڭ يېرىڭلىرى تۆكۈلۈپ، چىرايلىق، تۈكلىرى پارقىراپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئاق بوز ئاتقا ئايلىنىپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزات:

ـ بۇ ئاتنى مىنىپ قولتۇقىنى سىلىسىڭىز سىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزى سىزنى باشلاپ بىر جايغا چۈشىدۇ، سىز ھېچياققا ئاتنىڭ بېشىنى تارتماڭ! ـ دەپ بۇيرۇپتۇ.

كەنجىتاي ئاق بوز ئاتقا مىنىپ، قولتۇقىنى سىلىغان ئىكەن، دۇلدۇل كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپتۇ.

دۇلدۇل كەڭ سامادا ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ، بىر مەنزىلگە كەلگەندە ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەپتۇ ـ دە، بىر گۈلزارلىق باغقا چۈشۈپتۇ. باغ ئىچىدە بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاق تۆۋىدە بىر تۈپ تېگىنسىز قىزىلگۈل چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئىكەن. قىزىلگۈل شۇ قەدەر چىرايلىق ۋە بۇلاق سۈيىمۇ شۇنچىلىك سۈزۈك ئىكەنكى كەنجىتاي بىردىگە قارىسا، بىردىن كۆزىنى ئالالماي قاپتۇ، يولبويى چاڭقاپ كەتكەچكە پەرىزاتنىڭ: «بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ سالماڭ!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ، بۇلاق سۈيىدىن قانغىچە ئىچىپتۇ. شۇ ھامان بۇلاق سۈيى داۋالغۇپ، زۇمرەت تامچىلار چىمەن قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپتۇ ـ دە، بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ. پەرىزات يىگىتتىن ئەھۋال سورىغان ئىكەن، ئۇ ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەنجىتاي پەرىزات بىلەن بىللە تېگىنسىز قىزىلگۈلنى شاھ تۇڭكورگە ئاپىرىپ بەرگەن ئىكەن، ئۇ، گۈلنى پۇراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە شۇ ھوشىدىن كەتكەنچە قىرىق بىر كۈندىن كېيىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

قارانىيەت ۋەزىر ئوبۇل كەنجىتاينى زىندانى بەند قىلغان ئىكەن، ھېلىقى بۇلاقتىن چىققان پەرىزات ئۇنى ئازاد قىپتۇ. ئوبۇل ۋەزىر كەنجىتاينى يەنە زىندانغا سالسا، يەنە ئازاد قىپتۇ. كەنجىتاينى: «شاھىمىزغا زىيانكەشلىك قىلدى» دەپ دارغا ئاسقان ئىكەن، ھېلىقى بۇلاقتىن چىققان پەرىزات يەنە قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قارانىيەت ۋەزىر ھېچقانداق چارە تاپالماپتۇ. ئاخىرى دانىشمەنلەرگە مەسلىھەت سالغان ئىكەن، ئۇلار: «بۇ، بىر كارامەت ئىگىسى ئىكەن، بۇ يىگىتنى شاھ قىلماق لازىم، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئەل كۆكلەپ كەتسە ئەجەب ئەمەس» دېيىشىپتۇ.

ئەلقىسسە: شۇنداق قىلىپ، ئاق كۆڭۈل كەنجىتاي بۇ ئەلگە شاھ بولۇپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. بۇلاقتىن چىققان پەرىزاتنىمۇ ئەمرىگە ئاپتۇ. ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، چوڭ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. كەنجىتاي شاھانە تەختتە ئولتۇرۇپ، ئىككى ئايالىنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ، ئوغلىنى ئالدىغا قويۇپ قارىسا، ھېلىقى تۇمانلىق كېچىدە ئەسكى يار تۆۋىدە كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كەپتۇ ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ئوڭ يېنىمدا ئاي كۈلەدۇر،
سول يېنىمدا لەئلى تاج. ①
دەم كۈلۈپ چولپان چاقنىسا،
مەندە قالغايمۇ ئىلاج!...

ئاق كۆڭۈللەرگە، ياخشى نىيەتلىكلەرگە بەخت ھەمراھ، ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇندىغان كەنجىتاي ئەنە شۇنداق بەخت ۋە خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئۇ: «ئاكاملارمۇ ماڭا ئوخشاش ئاتا ۋەسىيىتىنى ئورۇندىغان بولسا، ياخشى كۈن كۆرگەن بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يەنە قېرىنداشلىق مېھرى يېتىپ، شەھەرلەردە تىلەمچى بولۇپ كەتكەن ئاكىلىرىنى يېنىغا ئېلىپ بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىپتۇ، يۇرتمۇ كۆكلەپ، ئاۋام ـ پۇقرا خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: دوست نۇرۇم، ئىجادىي رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا

① قۇياش ھەققىدە






(ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئوسمان شاھ دې-
گەن بىر ئادىل پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ
خەلقپەرۋەر بولۇپ، چوڭ ئىشلارنى خەلق بىلەن
با مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر مە-
ھەللىدە پۇقرالارنىڭ سايلىشى بىلەن بىردىن
كېڭەشچى تۇرغۇزغان ئىكەن. پۇقرالار ئۇلارنى
«ئوردا مەسلىھەتچىسى» دەپ ئاتىشىدىكەن.
پادىشاھ بۇ «مەسلىھەتچى»لەر ئارقىلىق يۇرت-
نىڭ ئەھۋالىنى، پۇقرالارنىڭ پىكىر ۋە
ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلىپ تۇرىدىكەن،
مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى بىجىرىپ بېرىدىكەن.
پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ پۇقراچە كىيىنىپ
خەلق ئارىسىدا يۈرۈيدىكەن، دەردمەنلەرنىڭ



مۇڭ - زارىغا، داد - پەريادىغا يېتەل-
مەيدىكەن. ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىدىغان،
خەلققە زۇلۇم - سەتەم سالىدىغان نەپسانە-
يەتچى، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلار
سېزىلسە قاتتىق جازالايدىكەن. شۇڭا بۇ
مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرى گۈللەپ - ياشنى-
غان، خەلقى شادىمان، تۇرمۇشى پاراۋان
ئىكەن. شۇ تۈپەيلى ئاۋام خەلق بۇ پا-
دىشاھنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن. پادى-
شاھ بىر نەچچە كۈن شىكارغا چىقىپ كەتسە
ياكى باشقا بىرەر مەملىكەتكە زىيارەتكە
چىقىپ كەتسە، خەلق پادىشاھنى سېغىنىپ
يولىغا ئىنتىزار بولۇپ كۈتىدىكەن. بىركۈنى
پادىشاھ ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قاپتۇ. خەلق غەم - قايغۇغا پېتىپ، چوڭ -
كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال كۆز
ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزۇپ، ئارقا - ئار-
قىدىن ئوردا ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ
سەھەتلىك تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈ-
رۈشۈپتۇ. ۋەزىر ئەزىم خەلقنىڭ پىغانىنى
پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىردىن بۇ گەپنى
ئاڭلىغان پادىشاھ ھاسىسىغا تايىنىپ
خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئەھلى جاماتەت-
تىن ھال سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يوق-
لاپ كەلگەنلىكىگە مىننەتدارلىق ئىزھار
قىپتۇ ھەمدە:

— پۇقرالىرىم، مەن سىلەرگە كۆتكىنىڭلار-
دەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئوبدان
خەيرخاھ بولالمىدىم، مەندىن سەۋەنلىكلەر
ئۆتكۈلگەن بولسا، رەنجىتىپ قويغان بولسام
ماڭا ئاپ قىلغايسىزلەر. «جان تەندە ئامانەت»
دېگەن گەپ بار. مۇبادا ياخشى كۈنىنىڭ
يامىنى بولۇپ ئاخىرەت سەپىرىگە يول تۇ-
تۇپ قالسام مەندىن رازى بولۇڭلار ...
دەپ پۇقرالار بىلەن رازىلىق ئېلىشىپتۇ.

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھنى
ئەجەل زىيارەت قىلىپ باقىيئالەمگە ئېلىپ
كېتىپتۇ...

پادىشاھنىڭ ۋەلى ئەھدىسى بولمىغاچقا
ۋەزىرلەر مەسلىھەت تۈزۈپ، شۇ مەملىكەتنىڭ
قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رەسمى-
يوسۇنى بويىچە: «بەخت قۇشىنى ئۇچۇ-
رايلى، ئۇ كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ پادىشاھ
بولسۇن» دەپ قارار قىلىشىپتۇ ھەممە بۇ
قارارلىرىنى پۇقرالارغا ئېلان قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئاپتۇ.

پايتەختتە ھېكىم ئاتلىق بىر سودىگەر
زادە بار ئىكەن. ئۇ ياش ھەم ئىنتايىن كۆچ-
تۈنگۈر بولۇپ، قورقماسلىقى، قاراماسلىقى
بىلەن «ھېكىم نوچا» دەپ ئاتالغان ئىكەن.
ئەمما ئۇ ئاچچىقى يامان، چېچىلاڭغۇ،
تېرىككەك، جېدەلخور، كۆڭلىگە نېمە كەلسە
شۇنى قىلىدىغان ئۆز بېشىمچىلىقى بىلەن
«زاغۇن باش» دەپمۇ ئاتالغان ئىكەن. بارا -
بارا بۇ لەقەم تارازىنىڭ «ھېكىم نوچا»
پەللىسىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ - دە، ئۇنىڭغا
«ھېكىم زاغۇن» دېگەن نام سىڭىشىپ كېتىپتۇ.
بەخت قۇشى شۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بۇنى
كۆرگەن خەلق غۇلغۇلا قىلىشىپ، چۇقان -
سۈرەن سېلىپ، قۇشنى ئۇنىڭ بېشىدىن
ھەيدەپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق قۇش پەرۋاز
قىلىپ ئاسماندا بىر ئايلانغاندىن كېيىن،
قايتىپ كېلىپ، يەنە شۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ.
كۆپچىلىك ۋەزىر ئەزەمنى تېپىپ:

— ئەي ۋەزىرى ئەزەم، جانابلىرى ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيان مەرھۇم پادىشاھىمىز
بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بېشىمىزغا ئادا-
لەت قۇياشىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، بىز پۇقرا-
لارغا باشپاناھ ۋە شاپائەتچى بولۇپ
كەلگەن ئىدىلە. بىز ھەزرەتلىرىنىڭ پادىشاھ

بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز...— دېيىشىپتۇ ھەممە بەخت قۇشىنى يەنە ھېكىمنىڭ بېشىدىن ھەيدىۋېتىشىپتۇ.

— سىلەرگە مەلۇمكى، بەخت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ شاھلىق تەختىگە چىقىش بىزنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىمىز. پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىسا، ئوردا سەركەردىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئارا تەخت تالىشىش، ئاخىر بېرىپ يېغىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز مۇشۇنداق قىلىشنى بىر تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن. ھازىر بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، مەرھۇم پادىشاھىمىزدىن 20 ياش چوڭمەن. ئەمما بەخت قۇشى مېنىڭ بېشىمغا قونسىلا پادىشاھ بولۇشتىن باش تارتمايمەن...— دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم.

خەلق: «بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز بار ئوخشايدۇ» دېيىشىپ، نارازىلىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بەخت قۇشىنىڭ ئەمدى كىمنىڭ بېشىغا قونىدىغانلىقىغا قارىشىپ تۇرسا بەخت قۇشى ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ھېكىمنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. پۇقرالار: «ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئىكەن، بىزدە نېمە ئامال، بەخت قۇشىنىڭ ئۇچۇرۇلۇشىغا ئۆزىمىز قوشۇلدۇققۇ...» دېيىشىپ، «ھېكىم زاغۇن باش»نى شاھىمىز دەپ ئېتىراپ قىلىشىپتۇ.

«ھېكىم زاغۇن» «ھېكىم شاھ» بولغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە: «ئەي ھېكىم، سەن شاھ بولدۇڭ. ئادەمگە ئۆمۈر بىر قېتىم بېرىلگىنىدەك ئامەتمۇ قوشلاپ كېلىۋەرمەيدۇ، ‹ئامەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ› دېگەن بۇ سۆز نىسپىي. سەن پادىشاھلىقتىن ئىبارەت بۇ ئامەت تاجىسى ئىلكىڭدە تۇرغان چېغىدىكى پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ دۇنيانىڭ راھەت-ھالاۋىتىنى كۆرۈۋال، قانغىچە ئويىنىۋال...» دەپ ئىشنى ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا قىلىشتىن باشلاپتۇ. سېلىقنى كۆپەيتىپتۇ، باج خىراجىنى ئېغىرلىتىپتۇ. قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان باغرى تاش خۇنخورلارنى تۈرلۈك ئەمەللەرگە تەيىنلەپتۇ. ئۇلار پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى شۇنداق شوراپتۇكى، دېھقانلار، چارۋىچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى ئونلاپ-يۈزلەپ باشقا يەرلەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قېلىپ، دۇكانلار تاقىلىپ، يېزىلار، رەستە-بازارلار چۆللىشىپ پۈتۈن مەملىكەت خارابىلىق تۈسىنى ئاپتۇ. قىممەتچىلىك، قەھەتچىلىك ئىلگىرىكى مەمۇرچىلىقنىڭ ئورنىغا دەسسەپتۇ. ئوغرى-يالغان، بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئاپتۇ. بۇنىڭغا قارشى چىققانلارنى ھېكىم شاھ رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ قانلىق قىلىچى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، بەزىلىرىنى دارغا ئېسىپتۇ، بەزىلىرىنى زىندانغا تاشلاپتۇ...

بىر كۈنى ۋەزىر ئەزەم بارلىق ئوردا ئاكابىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ھېكىم شاھقا سالام بەرگىلى كىرگەن چاغدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ سۆز باشلاپتۇ.

— شاھىم، پۇقرالار كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى. شەھەر خەلقى ئازلاپ قالدى. يېزا-سەھرالارمۇ ھوقۇشلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. ئەگەر پۈتۈن خەلق باشقا جايلارغا چىقىپ كېتىۋەرسە ئۆزلىرى كىمگە پادىشاھلىق قىلىدىلا، يەر تېرىيدىغان دېھقان، مال باقىدىغان مالچى بولمىسا پۇقرالار نېمە

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، بىز نېمە يەيمىز، لەشكەرلەرنى نېمە بىلەن باقىمىز، دۆلەت خادىملىرىنى نېمە بىلەن تەمىنلەيمىز؟ ھۈنەرۋەنلەر، كاسىپلار، سودا - سېتىقچىلار بولمىسا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟ پادىشاھ دېگەن ئۆزىدىن ئاۋۋالقى پادىشاھنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى نەمۇنە قىلىپ، ناچار تەرەپى بولسا ئىبرەت ئېلىپ، ئادالەت تارازىسىنى چىڭ تۇتۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى لازىمكى، ھەرگىزمۇ زالىملىقنى، بەتقىلىقلىقنى دوست تۇتماسلىقى كېرەك. پادىشاھنىڭ بۇرچى خەلقنى بەختىيار، يۇرتنى ئاۋات، دۆلەتنى قۇدرەتلىك قىلىش. ۋەزىرنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھېكىم شاھنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئوتلىرى ئۇچقۇنلاپ، «بەس!» دەپ ۋەزىر ئەزىمگە خىتاب قىپتۇ - دە، «جاللات!» دەپ توۋلاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا دەرھال كۆزىدىن قىپقىزىل قان قۇيۇلۇپ تۇرغان يەتتە جاللات ھازىر بوپتۇ.

— بۇ «پىچاقتىن قورقمايدىغان قىرى ھۆكۈز»نى ئەپچىقىپ كاللىسىنى كېسىپ ئالدىمدا قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ھېكىم شاھ. جاللاتلار «خوپ» دەپ ۋەزىر ئەزىمنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. باشقا ۋەزىرلەر قورقىنىدىن ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا غايىبتىن: «توختا!» دېگەن دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋازدىن يەر تەۋرىگەندەك پۈتۈن ئوردا لەرزىگە كەپتۇ. جاللاتلار تۇرغان جايىدا جۈتتەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، پادىشاھمۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، ۋەزىر ئەزىم ساڭا ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ. ياخشىلىققا يامانلىق قىلما! — دېگەن سادا كەپتۇ يەنە غايىبتىن.

— ئەي غايىب كالام، ئۆزۈڭ كىمسەن، ئادەممۇ، ھۆر - پەرىمۇ، جىن - شاياتۇنمۇ؟ ئۆزۈڭنى ئاشكارە قىل، دەرقەم سۆزلىمەيلى، — دەپتۇ ھېكىم شاھ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ لېكىن «نوچا»لىق غورۇرى بىلەن.

— مېنىڭ كىملىكىمنى ھامان بىلىپ قالىسەن. ئاۋۋال ۋەزىر ئەزىمگە قىلغان ناھەق ھۆكۈمىڭدىن قايت، نەسىھەتىمنى ئاڭلىماي پۇشايمانىنى ئالارغا قاچا تاپالماي قالمىغىن! — دەپتۇ غايىب ئاۋاز. ھېكىم شاھ ھېچنېمىنى پەرەزت قىلالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا:

— «يىگىت سۆزىدىن يانماپتۇ، يولۋاس ئىزىدىن» دېگەندەك، پادىشاھمۇ ھۆكۈمىدىن قايتمايدۇ. ئەگەر ھۆكۈمىدىن قايتسا، ئۇنىڭ سۆزى گال پىچاقتەك ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ. شاھلار ئەمرىنىڭ يۇرۇشاۋكى ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە، بۇ ئۆتكۈرلۈك بولسا شاھلارنىڭ بىر سۆزلۈكى، — دەپتۇ ھېكىم شاھ.

— خاتا ھۆكۈمدىن ۋاز كەچكەن شاھ ئادالەت ئەرشىدىن ئورۇن ئالغاندەك بولىدۇ، ئىناۋىتى ئۆسىدۇ، تىلى ئۇزۇن بولىدۇ، — دەپتۇ غايىب ئاۋاز.

— سەن بۇنداق بىمەنە سۆزلىرىڭنى دەرياغا بېرىپ ئېقىن سۇغا ئېيت، ئېقىتىپ كەتسۇن! — دەپتۇ ھېكىم شاھ. لېكىن شۇ سۆزنى دېيىش بىلەنلا بېشى ئېغىرلىشىپ، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قاماللاپ تۇتقىنىچە تەختكە يۆلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بېشى ئاستا - ئاستا ئېشەكنىڭ بېشىغا ئۆزگىرىپ، زۇۋانىمۇ تۇتۇلۇپ، تىلسىز ھايۋانغا ئايلىنىپتۇ.

— ئەي ۋەزىرلەر، ئۇنى ئاۋۇ تام ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپبېرىڭلار، ئۆز تۇرقىنى

قىنى كۆرۈپ باقسۇن! – دەپ ئىمدا كەپتۇ يەنە غايىپتىن. ۋەزىرلەر ھېكىم شاھنى چوڭ تام ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ھېكىم شاھ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئېشەكباش بىر مەخلۇقتا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەينەك ئالدىدا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئىلمىي سېھرى – ئىلمىي جادۇدىن خەۋىرى بار ئىكەن. ئەمما ئۇ توغرا نىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل، تەقۋادار ئايال بولۇپ، كىشىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى تەگمەيدىكەن. ئۇ. ئوغلىنىڭ قىلمىش – ئەتمىشلىرىنى خۇپىيانە كۆزىتىپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ، ھېكىمنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمى، زورلۇق – زومبۇلۇقىغا سەۋر – تاقەت قىلالماي تۇرغان پەيتتە، ھېكىمنىڭ ۋەزىر ئەزىمگە قىلغان ھېلىقى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن قانخورلۇق مۇئامىلىسى ئۇنى سۈكۈتنى قايرىپ قويۇشقا مەجبۇرلاپتۇ – دە، بايىقى غايىب سادالارنى ياڭراتقاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ دەماللىققا ئەيۋەشكە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئاشۇ تەقلىدكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

– ئەي دۆلەت ئەركانلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئىنسانىيەتچىلىكتىن چىققان كىشى ھايۋان بىلەن باراۋەر. پادىشاھنى خەلقنىڭ قانلىق كۆز يېشى، ئاھۇ – زارى تۇتتى، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىڭلار، – دەپتۇ غايىب ئاۋاز. ھەممە ئاكابىر – ئەشرەپلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، ئىستىغپار ئېيتىپ تووۋا قىلىشىپتۇ.

– ئەي جاللاتلار، ۋەزىر ئەزىمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار بۇ يەردىن يوقىلىڭلار! – دەپتۇ غايىب ئاۋاز. جاللاتلار ۋەزىر ئەزىمنى قويۇپ بېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

– ئەي ۋەزىر ئەزىم، جانابلىرى ھازىردىن باشلاپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەيلا، – دەپتۇ يەنە غايىب ئاۋاز. ۋەزىر ئەزىم «خوپ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، غايىب ئاۋاز تىنىپتۇ. لېكىن ۋەزىر ئەزىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېشەكباش ھېكىم شاھنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يەنە تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن ۋەزىرلەرگە قاراپ:

– ئەي ۋەزىر – ۋۇزرالىرىم، سەركەردىلىرىم، ھېكىم شاھ ھەزرەتلىرى گەرچە بۇنداق ھالەتكە دۇچار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا بىزنىڭ پادىشاھىمىز. چۈنكى جانابىي ئالىيلىرى بەخت قۇشىنىڭ قونۇشى بىلەن پادىشاھ بولغان. مەن ۋەكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ تۇرىمەن، – دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئانىسى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئېشەكباش سۈرەتتە كۆرۈپ، تەئەججۈپلىنىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغاندەك قىياپەتتە تىترىقاپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاخىر تىلى گەپكە كەلمەيۋاتقاندەك دۇدۇقلىغان ھالدا:

– مەن بىر دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ، نېمە ۋەقە يۈز بەرگەندۇ، دەپ كەلگەن ئىدىم، بۇ نېمە ئالامەت؟ – دەپتۇ. ۋەزىر ئەزىم ئەھۋالنى پادىشاھنىڭ ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزىمنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

– ھەركىم ئۆز تەزكىرىسىنى ئۆز قولى بىلەن يازىدۇ. «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن مانا مۇشۇ. مەن پۇقرالاردىن نۇرغۇن ئەرز – شىكايەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەتلەردىن ئوغلۇمنىڭ سەتەڭكار بولۇپ قالغانلىقىنى، دۆلەت خەزىنىسىنى ئەيش – ئىشرەت خىراجى

www.uyghurkitap.com

قىلىۋالغانلىقىنى، شاھلىقنى شەخسى ھالاۋەتىنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم. ئۇ قىلمىشلىرى يەتمىگەندەك بۈگۈن ھۆرمەتلىك دۆلەت ئاتىسى، بىگۇناھ ۋەزىر ئەزەمگە ھاقارەت قىپتۇ ۋە ئۇنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇڭا ئاللا ئۆز كارامىتى بىلەن بۇنى ئۆز قىلمىشىغا مۇۋاپىق زۇۋانسىز ھايۋان سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ تەزكىرىسىگە «ھېكىم شاھ ئېشەكباش مەخلۇققا ئايلانغان» دېگەن بىر جۈملىنى يېزىپ قويۇپتۇ. بۇ بىر بىشارەت، ئەگەر ئوغلۇم تۇۋا قىلمىسا تېخىمۇ قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشارەت. ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى سىناق ئۆتكىلى، — دەپتۇ - دە، ھېكىم شاھقا قاراپ، — ئوغلۇم، بۇ سىناقتىن ئوبدان ئۆت، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭغا تۇۋا قىل، ئاللا مەغپىرەت قىلغاي، خەلق كەچۈرگەي، — دەپ كۆزىدىن ئېچىنىشلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئېشەكباش ھېكىم شاھنى ۋەزىر - ۋۇزرالار ھەر كۈنى ئادەتتىكىدەك تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى ئاۋۋالقىدەكلا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىشنى تەرك قىلماپتۇ. ۋەزىر ئەزەم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئانىسى «بۇلار نېمە دېگەن بىچارە، نېمە دېگەن ساددا - ھە؟ بۇلار قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق قىلامدىغاندۇ، ياكى قۇللۇق مەۋقەسى كۈچلۈكمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ۋەزىر ئەزەمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ.

— بۇ ئېشەكباش پادىشاھنى يەنە نېمە ئۈچۈن تەختكە ئولتۇرغۇزۇۋالىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزەمدىن.

— بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قورققانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەخت قۇشى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتمەگەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بىز پادىشاھىمىزنىڭ ياش، چەكلىمىلىكىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. شاھىمىز ئەسلىگە كېلىپ قالىدىغان بولسا، ھەقىقەتەن ياخشىلىققا قەدەم قويىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل... — دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم. پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ھەمدە ئۆز كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قويۇپتۇ. ئۇ، ۋەزىر ئەزەمگە:

— ھۆرمەتلىك ۋەزىرى ئەزەم، جانابلىرى باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ «پادىشاھ سەھەتلىك تاپسا چوقۇم ياخشىلىققا قەدەم قويىدۇ» دېگەن ئۈمىدلىرىنىڭ بىر خىيال بولۇپ قالماسلىقىغا تىلەكداشمەن، ئەمما دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۇ ھايۋاننى تەختتىن قوغلاشنى تەكلىپ قىلىمەن؛ — دەپتۇ.

— بىزمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئابرويىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىمىز. مەن ۋەكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تۇتۇنغىنىمدىن بۇيان ئىشنى ئىلگىرىكى شاھىمىزنىڭ مەھەللە مەسلىھەتچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن، ھازىرقى شاھىمىز تەيىنلىگەن يارىماس، بەد نىيەت زالىم ئەمەلدارلارنى مەنسەپتىن قالدۇرۇشتىن باشلىدىم. پۇقرالار قانداقتۇ بىر ئىللىقلىقنى سېزىۋاتىدۇ. ھازىر

ھەممە جايدا «پادىشاھىمىز ئىنساپقا كەپتۇ» دېگەندىن ئۆزگە نارازىلىق سادا يوق. ئۆزلىرى خاتىرجەم بولسىلا، شاھىمىز دۇچ كەلگەن بۇ ئىش قۇدۇقتا چۆككەن تاشتەك جىمىدا ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر ئەزىم. ئۇ، پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرى پادىشاھ ھايۋان سۈرىتىگە كىرىپ قالغان كۈنى غايىبتىن كەلگەن نىدا بىلەن ئوخشاش مۇقامدا ئىكەنلىكىنى پەملەپ، كۆڭلىدە پادىشاھنى جازالىغان «خۇدا» دەل مۇشۇ ئايال دەپ جەزىملەشتۈرگەن ئىكەن. شۇڭا پادىشاھنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىغىمۇ شەك كەلتۈرمىگەن ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئانىسى ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن پىلانى بويىچە ئەتىگەندە تەختنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىلمىي سېھرى» سىنىڭ كۈچى بىلەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن. ۋەزىرلەر ئېشەكباش ھېكىم شاھقا سالام بەرگىلى كىرىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەندە ھېكىم شاھ ئادىتى بويىچە جاۋاب سالام بەرگەندەك ئاغزىنى ئېچىپ ماكىلدىتىپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم شاھنىڭ ئانىسى ئاۋازىنى خۇددى ھېكىم شاھنىڭ ئاۋازىدەك چىقىرىپ «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپتۇ. ۋەزىرلەر بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ ھەيرانۇ-ھەس بولۇشۇپ قاپتۇ. ھېكىم شاھ توختىماي گەپ قىلغاندەك ئاغزىنى ماكىلدىتىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ شۇ ئېغىز ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك ۋەزىرلىرىم، سەركەردىلىرىم، ھەممىڭلارغا ئايانكى، مەن پۇقرالارغا زالىملىق قىلغىنىم، تاپتىن چىققىنىم تۈپەيلى ئاللا مېنى جازالىدى، مەن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىمنى ۋە ئۇنىڭ قەبىھ ھەم ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مەن گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان بارلىق پۇل، مال-مۈلۈك، يەر - زېمىنلىرىمنى يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، يايلاقتىكى قوي - كالىلارنى قان قىلىپ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھىغا نەزىر-چىراغ قىلىشنى، يەنە زىنداندىكى ناھەق قامىلىپ ياتقان مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىشنى ھەم ئۇلارنى رازى قىلىشنى، شۇنىڭدەك خەزىنىدىن مەلۇم مىقداردا ئالتۇن - كۈمۈش ئاجرىتىپ بۇزۇلغان كۆۋرۈك - يوللارنى ياساشنى، ئالۋاڭ - ياساق، باج - خىراج ئومۇمەن ھەر خىل سېلىقلارنى مۇۋاپىق ئېلىشنى قارار قىلدىم. كىمكى بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا ياكى ئۆز نەپسىنى كۆزلىسە مەندىنمۇ بەتتەررەك ئاقىۋەتكە قالغۇسى. مەنمۇ ئەسلىمگە كەلگەندە ئۇنداق ئاچكۆزلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، بۇ ئىشلار ئادىللىق بىلەن بىجا كەلتۈرۈلسۇن! — دەپتۇ.

— مەرھەمەتلىك شاھىمىز، ئۆزلىرىگە بارەكاللا، بارىكاللا، پەرمانبەرداردۇرمىز، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر تەڭلا سۆيۈنۈشۈپ. پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇندىلىپتۇ. بىراق پادىشاھ ئېشەكباش پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىرلەر سالام - سەھەت ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— شاھئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلدۇق — دەپ قىلغان ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىشىپتۇ. بۇ كۈنلەردە شاھنىڭ ئانىسى ھەر كۈنى تەختنىڭ كەينىدە ھازىر بولۇپ تۇرىدىكەن. ۋەزىرلەر سۆزلىرىنى تۈگىتىش بىلەن ئېشەكباش ھېكىم ئاغزىنى ئېچىپتۇ:

— ۋەزىرلىرىم، ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭلار، لېكىن ئادىل بولمىغان تەرەپلەر تېخى ئاز ئەمەستەك، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك كىشىلەر تولۇق قۇتقۇزۇلمىغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالايلۇق، سىلەر نۇرغۇن قوي، كالا، تۆگىلەرنى سويۇپ، تاغار - تاغار كۈرۈچلەرنى دەملەپ نەزىر - چىراغ قىلدۇق دەۋاتىسىلەر. لېكىن نەزىر ئېشىنى كىمگە بەردىڭلار؟ مېنىڭچە ئۇنى يەنىلا خەجلىگىلى پۇلى بار، كىيگىلى كىيىمى بار، يېگىلى ئاشلىقى بار، توق-تۆزى تەللەر تويىماس قارنىغا دەم تارتىپ كەتتى. پۇلى يوق، يەيدىغىنى يوق، كىيىم - كېچىكى يوق نامراتلار نەزىر ئېشىدىنمۇ، قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىدىنمۇ كۈتكىنىمدەك بەھرىمەن بولالمىدى. قىسقىسى بۇ ئىشلار ھەق جايىغا قارار تاپمىدى. يەنە كېلىپ يېقىندىكىنى ئاندا - ساندا كۆردۈڭلار، يىراقتىكىنى ئىزلىمىدىڭلار...

— خوش شاھىم، بىز بەلكىم بۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغاندۇرمىز. بۇ ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ قەلب كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئېيتقانلىرىنى ئورۇندايلى، — دەپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپتۇ ۋەزىرلەر. ئۇلار شەھەر - يېزىلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ تاغدىكى مالچى، جاڭگالدىكى ئوتۇنچى، دەريادىكى بېلىقچىلارغىچە زىيارەت قىلىشىپ، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلەرنى تېپىپ قۇتقۇزۇپتۇ.

— شاھى ئالىيلىرى، تەلەپلىرىنى ئورۇنلىدۇق. ئىنشائاللا ئەكسىلىرىگە كەلگەيلا، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر قىلغان ئىشلىرىدىن پادىشاھقا مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن.

— ھەي قەدىرلىك ۋەزىرلىرىم، — دەپتۇ ئېشەكباش پادىشاھنىڭ ئېغىز ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئانىسى، — مەن خەزىنىنى پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەر ئۈچۈن بۇزۇپ چاچتىم، دۆلەت ۋە پۇقرالارغا بىھېساب زىيان كەلتۈردۈم. مەن بۇ قەرزىمنى ئۆمۈرۋايەت تۆلەپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئەمما مەن بۇندىن كېيىن دۆلەتنىڭ بىر تىيىن پۇلىنى شەخسىيىتىم ئۈچۈن ئىشلەتمەيمەن. خەزىنە خەلقنىڭ پاراۋانلىقى، مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن تەسەررۇپ قىلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن شەھەر - يېزىلاردا تۈرلۈك مەكتەپ، مەدرىسە - دارىلئۇلۇملارنى تەسىس قىلىشىمىز، ئىلىم - بىلىم ئەھلىلىرىنى، ئۆلىما- ئالىملارنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. مەرىپەت گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشنىڭ ئانىسى. يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتەيكى، ئىگە - چاقىسىز قېرى - چۈرىلەرنى، يېتىم - يېسىرلارنى، نامراتلارنى بىر قېتىملا تويغۇزۇش، كىيىندۈرۈش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. خەيرىيەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇش تەھلىكىسىدىن ئۆمۈر بويى نىجات تاپتۇرىدىغان دارىلئاجىزىنلارنى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىۋە يېتىم - يېسىرلەرنى تاماق، ياتاق، كىيىم - كېچەك، دەپتەر - قەلەم بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇتىدىغان دارىلئېيتاملارنى قۇرۇشىمىز، ئىشسىزلارنى ھۈنەر - كەسىپ ئورۇنلىرىغا جايلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى ئېچىپ بېرىشىمىز، ئاجىز، مېيىپلارنى ھەقسىز داۋالايدىغان شىپاخانىلارنى بەرپا قىلىپ، ئەزرا ئىلنى ئۇلارنىڭ جېنىغا خالىغانچە چاڭگال سالالمايدىغان قىلىپ قويۇشىمىز، ئۆي-ماكانى يوقلارغا ئولتۇراق جايلارنى بىنا قىلىپ بېرىشىمىز، مانا شۇنداق قىلىپ ئېلىمىزنى بىرمۇ ساۋاتسىزى يوق، تەييار تاپ، ئىشسىزى يوق، سائىل، ئوغرى - يالغاندىن خالىي، خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى كاپالەتكە، جەمئىيىتى خاتىرجەملىككە ئىگە، تۇرمۇشى پاراۋان، ھەممە

www.uyghurkitap.com

ئىشى روناق تاپقان پاك - ساپ مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم، - دەپتۇ.

ۋەزىرلەر بىردەك:

- شاھىمىز، جانابى ئالىيلىرىگە رەھمەت، تۈمەنمىڭ رەھمەت، - دېيىشىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر يېڭى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋەزىر ئەزىمدىن شاھنىڭ بۇ «يېڭى پەرمانى»نى ئاڭلاپ تولىمۇ شادلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

- مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، - دەپتۇ ۋەزىر ئەزىم سۆزلەۋېتىپ، - شاھىمىز پەقەت مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندا ۋە شۇنىڭغا ئائىت پەرمان بەرگەن چاغدىلا زوۋانغا كېلىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە تىلسىز قالىدۇ.

- جانابىي ۋەزىر ئەزىم، ئۇنداق بولسا، ئوغلۇم ئەمدى ئىستىقامەتخانىدا ئېھتىكاپتا ئولتۇرسا بولغىدەك. شۇنداق قىلغاندا گۇناھتىن ساقىت بولۇپ، ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىدىغاندەك قىلىدۇ، - دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئانىسى.

ۋەزىر ئەزىم بۇ مەسلىھەتنى ئورۇنلۇق بىلىپ، شۇ كۈنىلا ئېشەكباش ھېكىم شاھنى ئۆز خانىسىغا ئېھتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىگە خاس بىر مەھرەم تەيىن قىپتۇ. بۇ جايغا ئاشۇ مەھرەمدىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدىكەن. پادىشاھمۇ سىرتقا چىقالمايدىكەن. پادىشاھنىڭ ئانىسى بىلەن ۋەزىر ئەزىم ئۇنى پات - پات يوقلاپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئانىسى سىرتقا چىقىپ ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ، شەھەر خەلقىنىڭ مەڭزىدە كۈلكە ئويناپ، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغانلىقىنى، شەھەر يېڭى قىياپەتكە كىرىپ رەستە - بازارلار ئاۋاتلىشىپ، يېمەك - ئىچمەك تۆكمە بولۇپ، مەمۇرچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى، مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. چىرايى تولۇلگەن، غەمگە چۆمۈلگەن، جۇل - جۇل كىيىنگەن، «ھەق دوست» دەپ ئالقىنىنى ئېچىپ ئۆتكەن كەچكەنگە قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بىرەر ئادەمنى چېلىقتۇرمىغان پادىشاھنىڭ ئانىسى گويا بۇلۇتنى سۈرۈپ چىققان قۇياش ھەممە جايغا تەكشى نۇر چاچقاندەك يارقىنلىغان بۇنداق مەنزىرىدىن رازى بولۇپ ئوردىغا قايتىپتۇ. بۇ چاغ پادىشاھنى ئىستىقامەت ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان ۋاقىت ئىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئانىسى ئوغلىنى يوقلاپ كىرسە ھېكىم ئېشەكباش كۆزدىن لۆم - لۆم ياش تۆكۈپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ئولتۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن ئانا كۆڭلىدە: «پۇقرالار ئازادلىققا چىققىلى ئۈچ يىلدىن ئاشتى. سەرگەردان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلەرمۇ قايتىپ كەپتۇ. ئوغلۇممۇ قىلمىشىغا تەۋبە قىلغاندەك تۇرىدۇ. ئەمدى بۇنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەي» دەپ ئويلاپتۇ - دە، كېچىسى ئوغلىمۇ، مەھرەممۇ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، تۇيدۇرماي ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئەپسۇن سۈيىنى ئوغلىنىڭ بېشىغا چېچىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ھېكىم شاھ قاتتىق چۈشكۈرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا بېشى يەڭگىللىشىپ قالغاندەك سېزىلىپتۇ. ئۇ دەرھال ئەينەككە قارىسا ئەسلى قىياپىتىدە تۇرغىدەك. بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا يۈگۈرگەنچە ئانىسىنىڭ خاس خانىسىغا بېرىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ.

ئانىسى چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ، ئۇ ئوغلىنى ئەسلى سىياقىدا كۆرۈپ ھەيران قالغان قىياپەتتە:

— ئوغلۇم، بۇ ئوڭۇممۇ — چۈشۈممۇ؟ — دەپتۇ.

— چۈشىڭىز ئەمەس، ئوڭىڭىز، — دەپتۇ ھېكىم شاھ ئانىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ. ئانا ئوغلىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ باغرىغا بېسىپتۇ، ئۆيگە باشلاپتۇ.

— بالام، قانداقچە ئەسلىڭگە كېلىپ قالدىڭ، كىم ئەسلىڭگە كەلتۈردى؟ دەپ سوراپتۇ ئانا كۆزىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ.

— ئانا، مەن ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئەسلى قىياپىتىم بويىچە بىر توپ ياساۋۇللارنىڭ قورۇقچىلىقىدا شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرگىدەكمىشمەن. بىر يەركە بارغاندا خوتۇن-قىزلارنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، قالدىم - دە، — ھەي لەنىتىلەر، نېمە قىلىشىۋاتىسەن؟! دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇلار: «بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان سەن! ئۇرغۇنلىغان خوتۇن-قىزلىرىمىزنى بۇلغىدىڭ، ئەمدى بۇلارنى بوغۇزلاپ تاشلىمىساق سېنىڭ ئىپلاس قولۇڭ بۇلارغىمۇ سوزۇلىدۇ» دەپ تەپتارتماستىن ماڭا ھۆرپىيىشتى. مەن ياساۋۇللىرىمغا: «بۇ قاتىللارنى تۇتۇڭلار، كاللىسىنى ئېلىڭلار!» دەپ ئەمر قىلدىم. ئەمما شۇئان بېشىم قانداقتۇر بىر ھايۋاننىڭ بېشىغا ئۆزگىرىپ، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، تىلسىز بولۇپ قالدىم. لېكىن پەيلىمدىن يانماي قورۇقچىلىرىمغا ھېلىقى ئادەملەرنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن قولۇم بىلەن ئىشارەت قىلدىم. بىراق شۇنداق قىلىشىم بىلەن تەك پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ تۆت پۇتلۇق بىر قاۋان سۈرىتىدە كىرىپ قالدىم. بايىقى كىشىلەر «ئۇرا چاپ!» دەپ چۇقان سېلىشىپ ماڭا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. لەش-

كەلىردىم ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بەند بولۇپ، ھەرتەرەپكە تېرىقتەك چېچىلىپ تېرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ھەممىمىز ئۇر-ئۇرغا قالغان چاشقاندەك كىردۇۋېلىشقا كامار ئىزلەپ ئۇدۇل كەلگەن جايغا بېشىمىزنى تىقاتتۇق، ئەمما تۇمشۇقىمىزغا يەيتتۇق. مەن سۈرۈلۈپ يۈرۈپ بىر تامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم-دە، ئىرغىپ تام ئۈستىگە چىقىپ، نېرىقى تەرەپكە سەكرەپ چۈشۈپ شەھەر سىرتىغا قاراپ قاچتىم. قاچا - قاچا بىر جاڭگالغا بېرىپ توقايزارلىققا كىرىپ قالدىم. چاتقاللار پۇتۇمغا سېلىنغان كىشەندەك بىر چامدام مېڭىشىمغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئارقامدىن قوغلاپ كەلگەنلەر چاتقالغا ئوت قويۇپ مېنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمدا ۋەزىر ئەزەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپچىلىككە: «توختاڭلار، ئوت قويماڭلار» دەپ ئۇلارنى ئوت قويۇشتىن توختاتتى. ئاندىن: «سىلەر قايتىڭلار، پادىشاھقا ئۆزىمىز چارە كۆرىمىز» دېدى. خالايىق قايتتى. ۋەزىر ئەزەم مېنى چاتقاللىقتىن ئېلىپ چىقىپ، قۇلىقىمدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى. بىر يەرگە بارغاندا سۈيى سۈزۈك ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭگە چىقىپ قالدۇق. ۋەزىر ئەزەم مېنى ئۆستەڭگە چۈشۈرۈپ پۈتۈن ئەزايىمنى يۇدى. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر بەدىنىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، مەن ئاغرىققا چىدىيالماي ئۆزۈمنى قىرغاققا ئاتتىم-دە، ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، ئەسلىمگە كېلىپ قاپتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بالام، چۈشۈڭدە ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈپسەن. سەن بىر ئاددىي ئادەم ئىدىڭ، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونۇپ پادىشاھ بولدۇڭ. لېكىن بەختنى ئاياغ ئاستى، تەختنى قارا باستى قىلدىڭ. خەلقنى ئەزدىڭ، ئۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ، شۇڭا ئاللانىڭ قەھرى-غەزىپىگە، پۇقرالارنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچراپ، بىر بىزارى بولۇپ قالدىڭ. بەخت قۇشى قونغان

بېشىڭ ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندى. ئەمما خەلق پادىشاھىمىز ياش، ئازمايدىغان ئادەم يوق، شاھىمىز بىر كۈنى ھامان ھوشىنى تاپار، تۇۋا قىلىپ ياخشى ئادەمگە ئايلىنار... دەپ يەنىلا ساڭا ئۈمىد باغلىدى. ۋەزىر ئەزەم باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدى، — دەپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ ئانىسى ھەمدە ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ياخشى خىسلىتى ۋە ئادالىتىگە ۋارىسلىق قىل، خەلقتىن ئايرىلما، خەلق ياشناپ تۇرغان بىر بوستان، ئۇنى قۇرۇتساڭ دۆلەت بولۇر گۆرىستان...— دەپ نەسىھەت قىپتۇ. پادىشاھ يامان قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. ئانىسى: سەن ۋەزىر ئەزەم باشلىق ئوردا ئەھلىدىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن كەچۈرۈم سورا، خەلق گۇناھىڭدىن ئۆتسە، ئاللامۇ گۇناھىڭنى كەچۈرگەي، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا تاڭ ئېتىپتۇ. پادىشاھ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئاپتىۋىدىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپتۇ. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مەھرەمى ئويغىنىپ قارىسا ئېشەكباش شاھ ئورنىدا كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ پادىشاھنى ئىزلەپ ئۇيان يۈگۈرۈپ، بۇيان يۈگۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ قەسرىگە بېرىپ قاپتۇ. قارىسا ھېكىم ئېشەكباش ئەسلى ئادەم سىياقىدا تاھارەت ئېلىۋاتقىدەك. مەھرەم بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ھېكىم شاھ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئانىسىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولغان مەھرەم ئۇچقاندەك بېرىپ كۆرگەن ئەھۋالنى ۋەزىر ئەزەمگە خەۋەر قىپتۇ. ۋەزىر ئەزەم دەرھال پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قارىسا، ھېكىم شاھ جايىنماز ئۈستىدە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاللادىن گۇناھىنى تىلەپ، مۇناجات ئوقۇپ ئولتۇرغىدەك. ئۇ دۇئادىن فارىغ بولغاندىن كېيىن ۋەزىر ئەزەمگە ئۆزىنى ئېتىپ: «مېنى ئەپۇ قىلغايسىز ئاتا» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ۋەزىر ئەزەم ئۇنىڭ ئەسلىگە قايتقانلىقىنى مۇبارەكلەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە سىلاپ تۇرۇپ:

— شاھىم، گۇناھىڭىزغا ھەقىقى تۇۋا قىلغان بولسىڭىزلا بولىدى، — دەپ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۆز تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاندىن پۈتۈن شەھەر خەلقىنى شاھلىق مەيدانىغا يىغىپ، ھېكىم شاھنى ۋەزىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ھېكىم شاھ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. پۇقرالار ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامانلىقلىرىنى تىلغا ئالماي، كېيىنكى ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ياخشىلىقلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەزىر ئەزەمنى ئۇستاز تۇتۇپ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

---

ئېيتىپ بەرگۈچى: **سائادەتخان روزى،**

قەلەمگە ئالغۇچى: **نەجمىددىن سىدىق**








ھۆسنخەتلەرنى تۇرسۇن قۇربانى يازغان



ئەنئەنە جۇرنى قادىر فوتوسى



《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيتى» (قوش ئايلىق ئومۇميۈزلۈك ئەدەبىي ژۇرنال) 1991 - يىل 1 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى ئەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت ... نى ئەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ... چا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073／I
本刊代号：58－22　定价：伍角

... لەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/I
... لەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن

چەت ئەل رەسىملىرىدىن تاللانما



بۆرىگە مىنگەن شاھزادە ئىۋان (ماي بوياق) M • B ۋاسىنتسوۋ سىزغان (روسىيە)